# سۈننەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

# ۋە

# سۈننەت توغرىسىدىكى شۈبھىلەرگە جاۋاب



ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

# سۈننەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ۋە

## سۈننەت توغرىسىدىكى شۈبھىلەرگە جاۋاب

**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى**

# مكانة السنة فى الإسلام

## والجواب على شبهات القرآنيين

عبدالرحمن جمال الكاشغري

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

## مۇقەددىمە ئورنىدا

سۈننەت قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىش، رېئاللىقنى چۈشىنىش ۋە ئايەتلەرنى رېئاللىققا باغلاشنىڭ تۈپ ئاساسىي ۋە ئەمەلىي مېتودى. سۈننەت(ھەدىس شەرىپ)مۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي ۋەھىي. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى. ھېكمەت خەزىنىسى، ھىدايەت يولى، بىلىم-مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت بۇلىقىدۇر.

ھەدىس قۇرئاننىڭ ئىخچام تېمىلىرىنى بايان قىلىدۇ، روشەن بولمىغان تەرەپلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، ئومۇمى كەلگەننى دائىرە ئىچىگە ئېلىپ بېرىدۇ. دېمەك، سەھىھ ھەدىس قۇرئاننى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەدىس شەرىپ تەپەككۇر قىلىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە ئىزدىنىشكە قىزىقتۇرىدۇ. ھەدىس شەرىپ مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان ئايەتلىرىنى» ئويلىنىش ئىچىدە ئوقۇشقا، ئاللاھنىڭ «كائىناتتىكى ۋە ئىجتىمائىي قۇدرەتلىرىنى» تەپەككۇر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

شەرقشۇناسلاردىن تەسىرلەنگەن بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار سۈننەتكە توغرا مۇئامىلىدە بولماي، سۈننەتنى ئىسلامنىڭ قانۇنشۇناسلىق مەيدانىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنماقتا. سۈننەتنى ئالماي قۇرئان بىلەن كۇپايىلىنىش چاقىرىقىنى تەشۋىق قىلىپ، سۈننەت توغرىسىدا تۈرلۈك شۈبھىلارنى قوزغاپ چىقماقتا. «ئاتالمىش قۇرئانچىلار» ئۆزلىرىنى مۇجتەھىد ماقامىغا قويۇپ، ھەدىسشۇناسلىق ياكى ئۇسۇلشۇناسلىقنىڭ قائىدە-ئۆلچەملىرىگە قىلچە رىئايە

قىلماستىن بىر قىسىم سۈننەتلەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ۋە قانۇن يولغا قويۇش خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلماقتا.

شەرقشۇناسلاردىن تەسىرلەنگەن بۇ ئازغۇن ئېقىم بەزى ئەرەبلەردە خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان. شۇنداقلا تۈركىيىدە«باياندىر، مۇستاپا ئوغلى...»غا ئوخشاش بىر قىسىم سۈننەتنى ئىنكار قىلىدىغان، كۆڭلىگە ياققان سۈننەتنى ئالىدىغان، كۆڭلىگە ياقمىغان سۈننەتنى رەت قىلىدىغان، سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش سالاھىيىتىنى رەت قىلىدىغان ئازغۇن ئېقىممۇ پەيدا بولدى.

يېقىنقى 10 يىل مابەينىدە تۈركىيىدىكى بۇ ئازغۇن ئېقىمنىڭ قاراشلىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرمەكتە. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى سۈننەتنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە سۈننەتكە تەتۈر قارايدىغان بۇ ئازغۇن ئېقىمدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن 2006-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىپ، توردا نەشىر قىلغان سۈننەت توغرىسىدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنى كىتاب قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە قايتا سۇندۇم. بۇ كىتاب ئىككى بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بابتا سۈننەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە ھۆججەت ئىكەنلىكى، ئىككىنچى بابتا سۈننەت توغرىسىدىكى شۈبھىلار توغرىسىدا توختالدىم.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى "قۇرئانچىلار" دەپ دەۋا قىلىدىغان، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىر پۈتۈن ئىشەنمەيدىغان ئازغۇن ئېقىملارغا ئالدانماي، ئۆزلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھىمايە قىلىشىنى ئاللاھدىن تىلەيمەن.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

مىسىر. 2010- يىلى.

# ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ھەدىس

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە كەلگەن پۈتكۈل مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ-راستىنلا دىگەنلىكى ئىسپاتلانغان- ھەدىسلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ۋە قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش شەرىئەتنىڭ مەنبىيى بولىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھېچقانداق سۆزنى بىھۇدە ۋە نەپسى خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەن. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيي قىلىنغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»(نەجم سۈرىسى، (1-4- ئايەتلەر).

رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن.رەسۇلۇللاھ قۇرئان كەرىمنى سۆزلىرى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:«بىز ساڭا قۇرئاننى ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار بۇ قۇرئاننى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل، 44- ئايەت).

ئاللاھ رەسۇلۇللاھغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلغان. شۇڭا ھەدىسنى ھۆججەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋە ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىپ ئۇنىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ئىش قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرز. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر

چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» (سۈرە ھەشىر، 7-ئايەت).

يەنە ئاللاھ:«ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»دەيدۇ، (سۈرە نىسا، 65-ئايەت).

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ:«پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە قېلىشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن»دەيدۇ، (نۇر، 63- ئايەت).

يەنە ئاللاھ:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر».(نىسا، 59- ئايەت)

ئاللاھ رەسۇلۇللاھ چىقارغان ھۆكۈمگە مۆمىنلەرنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقى يوقلىقىنى بىلدۈرۈپ:«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر- ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ

پەيغەمبىرگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ»، (ئەھزاب، 36-ئايەت).

ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئۆزى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»، (نىسا، 80-ئايەت).

«ئاللاھ ئۇممىيلەرگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى)ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى(يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى)ئۆگىتىدۇ»(جۇمە سۈرىسى،2-ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ۋە ھەدىسنى قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا قويۇشنى ئەمرى قىلىپ، «بىزگە قۇرئان يېتىدۇ، ھەدىسكە ھاجەت يوق ياكى قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىمىز» دەيدىغان بىر قىسىم كام ئەقىللەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ ھازىرغىچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىنى باش تاجى قىلىپ؛ ئۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بىلىپ؛ شۇ بويىچە ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ھەدىس شېرىپ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىكى مۇجمەل ھۆكۈملەرنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئەگەر ھەدىس بولمىسا ئىدى، قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايتتى.

جانابى رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھدىن نازىل بولغان ھۆكۈملەرنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. مۇسۇلمانلارغا دىنىي ۋە دۇنيالىق

ھاياتىدا موھتاج بولىدىغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، نىكاھ-تالاق ۋە باشقا چوڭ-كىچىك بارلىق ئىشلارنى ئۆگەتكەن. ھەزرىتى ئەبۇ زەر مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، ئاسماندا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ئۇچارلىق قۇشلار ھەققىدىمۇ بىزگە ئىلىم ئۆگىتىپ بولغان ئىدى» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).يەنى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى بىزگە كېرەكلىك بارلىق ئىلىمنى ئۆگەتكەن، ھەتتا ئاسماندا قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان قۇش ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن ئىدى، دېمەكچى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ھەزرىتى سەلمان: «پەيغەمبىرىڭلار ھەتتا چوڭ تەرەتقىچە بارلىق نەرسىنى ئۆگەتكەنمۇ؟» دەپ سورىغان كىشىگە،«شۇنداق، بىزنى چوڭ ياكى كىچىك تەرەت قىلغاندا قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلىشتىن، ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن ۋە ئۈچ تاشتىن ئاز تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن، بىر قېتىم ئىشلىتىپ بولغان نەرسە بىلەن ياكى ئۇستىخان بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توسقان» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھېچ قانداق نەرسىنى چالا قويماي خۇددى كىچىك بالىغا ئۆگەتكەندەك ھەممە نەرسىنى ئۆگەتكەن.

قۇرئان كەرىمدە مەسىلىلەر ئومۇمى ۋە پرىنسىپال بولۇپ، تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ناھايىتى ئاز. ئەگەر قۇرئاندىكى ئومۇمى مەسىلىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئۆگەنمىسەك، كۆپلىگەن ئىبادەتلەرنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلەلمەيمىز. مەسىلەن:

قۇرئان كەرىم ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىگە تاھارەت ئېلىشنى پەرز قىلدى. تاھارەتنى قانداق ئېلىشنى، قانداق سۇدا تاھارەت ئېلىشنى ۋە سۇ

تىپىلمىغاندا قايسى شەكىلدە تەيەممۇم قىلىشنى ھەدىستىن ئۆگىنىمىز.

قۇرئان كەرىم ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. لېكىن نامازنىڭ سانىنى، رەكەت، رۇكۇ، سەجدەلىرىنىڭ سانىنى ئوچۇق بايان قىلمىدى. شۇنىڭدەك ناماز ۋاقىتلىرىنىمۇ مۇجمەل شەكىلدە بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ نامازنى سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بىردىنبىر چۈشەندۈرۈپ:«مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمغا ئوخشاش ناماز ئوقۇڭلار» دەپ كۆرسىتىپ بەردى.

قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن يەردە زاكات بېرىشكە ئەمىر قىلدى. لېكىن زاكاتنى قايسى نەرسىدىن، قانچىلىك بېرىشنى تەپسىلى بايان قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ پەرز زاكاتنىڭ مىقدارىنى ۋە قايسى ماللاردىن بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

قۇرئان ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. رەسۇلۇللاھ ھەجنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىپ:«ھەج ئىبادىتىنى مەندىن ئۆگىنىۋېلىڭلار» دېدى ۋە ھەجنىڭ قادىر بولغان كىشىگە ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر، سودا-سېتىق مۇئامىلىرى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرى قاتارلىق ئىشلاردا رەسۇلۇللاھدىن سوئال سورىلاتتى ۋە رەسۇلۇللاھ جاۋاب بېرەتتى. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ھەققىدە بەزىدە ئايەت نازىل بولاتتى، بەزىدە ئايەت نازىل بولمايتتى. ئايەت نازىل بولمىغان مەسىلىلەردە ھەدىس ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئىمام شافىئى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلىدۇ:**

1.ئاللاھ ئىنسانلارغا قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن پەرزلىكى ۋە ھاراملىقىنى بايان قىلغان ئىشلار. پەرزلىكىنى بايان قىلغان ئىشلار: ناماز، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقىلار. ھارام قىلىنغان ئىشلار: يوشۇرۇن-ئاشكارا بارلىق پاھىشىلەر، زىنا، ھاراق، ئۆزى ئۆلگەن ھالال ھايۋاننىڭ ۋە چوشقىنىڭ گۆشىنى يېيىش ۋە باشقىلار.

2. قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى ئىخچام بايان قىلىنىپ، رەسۇلۇللاھ سۆز-ھەرىكەتلىرى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلغان ئىشلار. مەسىلەن: نامازنىڭ ۋاقىتلىرى، رەكەت سانى، زاكاتنىڭ مىقدارى، ۋاقىتلىرى، زاكات بېرىلىدىغان ماللار، روزىنىڭ ھۆكۈملىرى،ھەج ئىبادىتىنىڭ تەپسىلاتى، ھايۋاننى بوغۇزلاش، ئوۋچىلىق، گۆشى يېيىلىدىغان ۋە گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار، نىكاھنىڭ تەپسىلاتى، ئېلىم-سېتىم، جىنايەت ئىشلىرى ۋە باشقىلار. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (سۇرە جۇمە ، 2-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

3. قۇرئاندا ئايەت نازىل بولمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇيرىغان ياكى توسقان ئىشلار. بۇنىڭغىمۇ خۇددى قۇرئاندا سۆزلەنگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلغانغا ئوخشاش ئەمەل قىلىش پەرز. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلىپ:«ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن. (ئال ئىمران، 66- ئايەت).

يەنە «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئۇئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دېگەن. (نىسا سۈرىسى، 91- ئايەت).

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەت ۋە ئالىملارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ھەدىس-سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە «قۇرئان بىزگە يېتىدۇ، ھەدىس-سۈننەت لازىم ئەمەس» دەيدىغانلارنىڭ دەۋالىرىنىڭ باتىللىقى ئاشكارا بولىدۇ.

تۆۋەندە«قۇرئاندىكى ھۆكۈملەر ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىمىز، قۇرئاندا يوق نەرسىلەرنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەرنى رەت قىلىمىز» دېگۈچىلەرگە ئىمام ئىبنى قەييۇمنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىمىز.

ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزىي مۇنداق دەيدۇ:«سۈننەت قۇرئانغا نىسبەتەن ئۈچ تۈرلۈك» بولىدۇ :

1.سۈننەت (ھەدىس) ھەر جەھەتتىن قۇرئانغا مۇۋاپىق بولىدۇ. قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ بىر ھۆكۈمدە مۇۋاپىق بولغىنى ئۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىلىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2.سۈننەت قۇرئاندىكى ھۆكۈمنى بايان قىلىپ قۇرئاننىڭ مۇراد-مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.بۇ تۈردىكى سۈننەت قۇرئاننىڭ تەپسىرى بولىدۇ.

3. سۈننەت قۇرئان پەرز قىلمىغان بىر ئىشنى پەرز قىلىدۇ ياكى قۇرئاندا ھاراملىقى سۆزلەنمىگەن بىر نەرسىنى ھارام قىلىدۇ.

ھەدىس مۇشۇ ئۈچ قىسىمدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە ھېچبىر جەھەتتىن قۇرئانغا زىت كەلمەيدۇ. قۇرئاندا يوق نەرسىنى بايان قىلغان ھەدىسلەر بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ چىقارغان ھۆكمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پەرز. بۇ مەسىلىدە رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر. بۇ مەسىلە ھەدىسنى قۇرئاندىن ئۈستۈن ئورۇندا قويغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى ئەمرىگە بويسۇنغانلىقتۇر. ئەگەر

قۇرئانـدا بولـمىغـان ئىشـلاردا رەسـۇلۇللاھقا ئىتـائەت قىلىـش پەرز بولـمايـدىغان بولسا، قۇرئانـدىكى «پەيغەمـبەرگە ئىتـائەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىـڭ مەنىسى يوققا چىقىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش دېگەن ھۆكۈم ساقىت بولىدۇ.

ئەگەر رەسـۇلۇللاھقا ئىتـائەت قىلىـش پەقەت قۇرئانغـا مۇۋاپىـق كەلـگەن ئىشـلاردىلا كېـرەك بولـۇپ، قۇرئانـدا بولـمىغـان ئىشـلاردا ئىتـائەت قىلىنمايـدىغان بولسـا، رەسـۇلۇللاھقا مەخسـۇس ئىتـائەت قىلىـش بولمايـدۇ. ھـالبۇكى ئاللاھ رەسـۇلۇللاھقا مەخسـۇس ئىتـائەت قىلىشـقا بـۇيرۇپ: «كىمكـى، پەيغەمـبەرگە ئىتائەت قىلىـدىكەن ئۇ ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلغـان بولـىدۇ»دېگەن تۇرسـا، ئىلىـم ئەھلـى بولغـان بىـر كىشـىنىڭ قۇرئانـدا بولـمىغـان ئىشـلاردا كەلـگەن ھەدىسـنى قوبـۇل قىلماسـلىقى؛ ئايـال كىشـىنى ئانىسـىنىڭ ۋە ئاتىسـىنىڭ ئاچـا يـاكى سىڭلىسـى بىلـەن بىـر نىكاھتـا تۇتۇشـنى ھـارام قىلغـان ھەدىسـنى، نەسـەبتىن ھـارام بولغانلارنىـڭ ھەممىسـىنى ئىمىلدەشـلىكتىن ھـارام قىلغـان ھەدىسـنى قوبۇل قىلماسلىقى قانداقمۇ مۇمكىن بولىدۇ؟!

دېـمەك، رەسـۇلۇللاھنىڭ ھەدىسـلىرى قۇرئانـدىكى ئىخچـام ئـايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئومۇمى ھۆكۈملەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرىدىغان، شەرتسىز ھۆكـۈملەرگە شـەرت قويىـدىغان ۋە قۇرئانـدا كەلمـگەن ھۆكۈملەرنىمـۇ چىقىرىدىغان مول خەزىنە. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسـنى قوبۇل قىلغان كىشى ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئەمرىنـى قوبـۇل قىلغـان بولـىدۇ. رەسـۇلۇللاھقا ئاسـىيلىق قىلىپ ئۇنىـڭ سـۆزىنى رەت قىلغان كىشـى ئـاللاھ تەئالاغـا ئاسـىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئـاللاھ تەئـالا رەسـۇلۇللاھقا ئىتـائەت قىلىشـنى پەرز قىلـدى. ھېچ بىر مۇسۇلمانىنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىستىكى ھۆكۈمنى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىشى جائىز بولمايدۇ.

## سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە ھۆكۈم بەلگىلەشتىكى رولى

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس مۆجىزىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى. سۈننەت بولسا ئىسلامدىكى ئىككىنچى قانۇن چىقىرىش مەنبەسى بولۇپ، قۇرئاننى شەرھىلىگۈچى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى، ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى ۋە ماقۇللىشى ئارقىلىق قۇرئاننى ئىزاھلاپ بەرگۈچى... سۈننەت قۇرئاننىڭ ئەمەلىي تەپسىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، قۇرئاننىڭ كۆپ ئايەتلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە تايانماي تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى-قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق-روھ بىلەن ماددىنى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھاياتنىڭ مۇكەممەل پرىنسىپىنى يولغا قويدى.

رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي ئىككى تۈرلۈك:

بىرىنچى:ئاللاھنىڭ سۆزى قۇرئان كەرىم.

ئىككىنچى: سۈننەت(ھەدىس)، سۈننەتمۇ بارلىق تۈرلىرى بىلەن ئىلاھى ۋەھيي.

ئاللاھ تائالا بەقەر سۈرىسىنىڭ 129- ئايىتىدە، ئال ئىمراننىڭ 164-ئايىتىدە سۈننەتنى ھىكمەت دەپ تونۇشتۇرغان.

سۈننەتنىڭ قۇرئاندىكى ئورنىغا كەلسەك: سۈننەت قۇرئاننى شەرھلەيدۇ، ئىخچام يەرلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ، قىيىن نۇقتىلىرىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، مۇتلەق ئەھكاملىرىنى چەكلىمىگە ئالىدۇ ۋە ئومۇمى ئەھكاملىرىنى خاسلاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا:«بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق» دەيدۇ، (نەھل سۈرىسى،44-ئايەت).

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئەھكام مەسىلىلىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن باشقا مەنبەسى يوق ئىدى. قۇرئان كەرىم ئەھكاملارنىڭ ئومۇمى ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ تەپسىلاتى ھەققىدە كۆپ توختالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، مۇھىت ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن تەرەققى قىلمايدىغان ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بولسا بەزىدە تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئومۇمى ئاساسلىق مەسىلىلەر بىلەن بىرگە ئەقىدە، ئىبادەت، ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ئومۇمى ئەخلاق پرىنسىپلىرى...بار.

سۈننەت دېگەن:«رەسۇلۇللاھدىن كەلگەن سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەت ياكى ماقۇللاشتىن» ئىبارەت.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئېنىقسىز تەرەپلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، ئىخچام تېمىلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ، مۇتلەقنى چەكلىمە دائىرىسىگە ئالىدۇ، ئومۇمى مەسىلىنى خاسلاشتۇرىدۇ، ئەھكاملىرىنى ۋە نىشانلىرىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدە دەلىل كەلمىگەن مۇستەقىل بەزى ئەھكاملارنى ئېلىپ كەلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى. بۇ تەتبىقلىنىشلار بەزىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتى بىلەن بولسا، يەنە بەزىدە سۆزلىرى بىلەن، يەنە بەزىدە ساھابىلەرنىڭ

ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئىنكار قىلماي قوبۇل كۆرۈشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ قۇرئاندا كەلگەن ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بېرەتتى، ساھابىلەر قوبۇل قىلاتتى، چۈنكى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھغا ئەگىشىشكە ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بىرەر ئىش ھەرىكىتى ياكى بىرەر سۆزىنى تاشلاپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، چۈنكى قۇرئان مۇنداق قارار قىلغانىدى: «پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»(ھەشىر، 7-ئايەت).

شۇڭا ساھابىلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاۋاز قوشقانلىقتىن سۈننەتنى خۇددى قۇرئاننى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىشتى. چۈنكى سۈننەت ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قانۇن چىقىرىش مەنبەسى.

***

* سۈننەت قۇرئان كەرىمنى بىر قانچە تەرەپتىن بايان قىلىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئىخچام بايان قىلغان ئىبادەت ۋە ئەھكاملارنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە نامازنى پەرز قىلدى، قۇرئان كەرىم نامازنىڭ ۋاقىتلىرى، ئەركانلىرى ۋە رەكەت سانلىرىنى بايان قىلمىدى، ئۇ ئىشلارنى رەسۇلۇللاھ نامىزى ۋە مۇسۇلمانلارغا ناماز توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى بىلەن روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. رەسۇلۇللاھ:«مەن قانداق ناماز ئوقۇغان بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار"دېدى.

سۈننەت ھۆججەت ئەمەس دەپ قارايدىغانلار ياكى قۇرئان بىلەنلا ماڭساق كۇپايە دەيدىغانلار نامازنى قانداق ئوقۇيدىكەن؟! سۈننەت بولمىسا نامازنى قانداق، قانچە رەكەت ۋە قايسى شەكىلدە ئوقۇشنى بىلمەي قالىمىز!

ئاللاھ ھەجنى پەرز قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلمىدى، ئۇنىڭ شەكلىنى رەسۇلۇللاھ بايان قىلىپ بەردى. شۇنداقلا ئاللاھ قۇرئاندا زاكاتنى پەرز قىلدى، لېكىن زاكات كېلىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بايان قىلىپ بەرمىدى، ئۇ ئىشلارنى سۈننەت بايان قىلىپ بەردى.

*رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى بايان قىلغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن (ئومۇملىقنى)نى خاسلاشتۇرۇشتۇر. مەسىلەن، ئاللاھ قۇرئاندا ھەر قانداق پەرزەنتلەرگە مىراسنى بېكىتتى، لېكىن رەسۇلۇللاھ:«قاتىل مىراسخور بولالمايدۇ"دەپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ دادىسىدىن مىراس ئالالمايدىغانلىقىنى خاسلاشتۇردى.

* رەسۇلۇللاھنىڭ بايانى قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھۆكمىنى چەكلىمە ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ قۇرئاندا:«ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، اﷲ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار»دەيدۇ،(مائىدە سۈرىسى، 37-ئايەت).

بۇ ئايەت ئوغرىنىڭ قولىنى كىسىشكە بۇيرۇدى، بىراق قولنى نەدىن كېسىشنى بەلگىلەپ بەرمىدى. بىراق سۈننەت قولنى «بېغىشتىن كېسىلىدۇ» دەپ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بەردى.

* رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى قۇرئاندا كەلگەن نەرسىلەرنى تەكىتلەپ كېلىدۇ ياكى ئاساسى مەسىلىنىڭ تارمىقىنى بايان قىلىدۇ. ناماز، زاكات، رامىزان ۋە ھەجنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

*سۈننەتتە قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان ئەھكاملار بار. مەسىلەن،ئۆي ئىشەكلىرىنىڭ ھاراملىقى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھاراملىقى، توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنى رەجىم قىلىش... ئەھكاملىرىغا ئوخشاش.

ئىمام شەۋكانى:«سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ۋە سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ئەھكام چىقىرىشى دىنى زۆرۈرىيەت، ئىسلامنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمدىن باشقىسى بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلمايدۇ»دېگەن.

خاۋارىجلاردىن باشقىلار سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىگە قارشى تۇرمىدى. خاۋارىجلار قۇرئاننىڭ زاھىرىغا ئېسىلىپ، سۈننەتلەرگە سەل قارىشىپ ئازدى ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇشتى.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ پەرمانلىرى ۋە سۈننەتلىرىگە زىت قاراشتا بولىدىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ:«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»دەيدۇ(نىسا سۈرىسى، 65-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ سۈننىتىگە سەل قارايدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:«بىلىپ قويۇڭلار، ماڭا قۇرئان كەرىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشى(يەنى ۋەھيى بولغان سۈننەت) بېرىلدى. بەلكىم بەزى ئادەملەر پەيدا بولۇپ، ساپاسىدا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ:«سىلەر قۇرئاننى تۇتۇپ مېڭىڭلار، قۇرئاندا ھالال بولغاننى ھالال دەپ بىلىڭلار، قۇرئاندا ھارام بولغاننى ھارام دەپ بىلىڭلار» دېيىشى مۇمكىن. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۆي ئېشەكلىرى سىلەرگە ھارام، يىرتقۇچ ھايۋانلار ھارام...»(ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسىدە قۇرئاندا بايانى كەلمىگەن، ئەمما سۈننەتتە ئىسپاتلانغان ئەھكاملارنى ئىنكار قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرماقتا.

ئاللاھنىڭ:«پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»(ھەشىر سۈرىسى،7-ئايەت) دېگەن سۆزى قۇرئاندا بايانى كەلمىگەن، سۈننەتتە بايانى كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەگەر مەندىن سىلەرگە ھەدىس يېتىپ كەلسە، ئۇ ھەدىسنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا تەڭلەپ بېقىڭلار، قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلسە ئېلىڭلار، خىلاپ كەلسە تاشلاڭلار»دېگەن ھەدىس ئويدۇرما يالغان ھەدىستۇر. ھەدىسشۇناسلار بۇ ھەدىسنى يالغان ئويدۇرما ھەدىس دەپ بايان قىلغان.

## سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم بەلگىلەش سالاھىيىتى

ئىسلام تارىخىدا سۈننەتنى ۋە سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلغان ئېقىملار پەيدا بولدى، بەزىسى ئوچۇق ئىنكار قىلىپ سۈننەتنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى، يەنە بەزىسى مۇتەۋاتىر(يالغان بولۇش ئېھتىماللىقى يوق نۇرغۇن ئادەملەردىن كەلگەن ھەدىسلەر)نى ھۆججەت دەپ قاراپ، ئاھاد (مۇتەۋاتىردىن باشقا ھەدىسلەر)نى رەت قىلىشتى. يەنە بەزىلىرى سۈننەتنى پەقەتلا قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى ۋە شەرھىسى دەپ قاراپ، قۇرئاندا ھۆكمى يوق مەسىلىلەر سەھىھ سۈننەتلەردە ئىسپاتلانسا، ئۇنى رەت قىلىشتى.

مەسىلەن، تۈركىيىدىكى «بايانىدىرچىلار» سۈننەتنىڭ ھۆكۈم بەلگىلەش (قانۇن چىقىرىش) سالاھىيىتىنى رەت قىلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن زىناخورلارنى چالما كېسەك قىلىش، قەبرە ئازابى ...مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىشىدۇ.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە سۈننەتنىڭ بىر تۈرىنى ئېلىپ يەنە بىر تۈرىنى رەت قىلغۇچى بۇ ئېقىملار شەرقشۇناسلار ۋە ئىلمانىيلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەردىن ئىبارەت.

(1)

### ئالىملار ئارىسىدا سۈننەتنىڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى توغرىسىدا باشقىچە كۆز قاراش يوق

بىرىنچى: قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن، ئىخچام ۋە تەپسىلى جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولغان سۈننەتلەر (يەنى ھەدىس شەرىپلەر). ناماز، زاكات، رامىزان ۋە ھەجنىڭ-شەرتلىرى ۋە ئەركانلىرىنى زىكىر

قىلماي- پەرزلىكىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ھەدىسلەرگە ئوخشاش. مەسىلەن:«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدى»دېگەن ھەدىسكە ئوخشاش.

ئىككىنچى:قۇرئان كەرىم ئەھكاملىرىنىڭ مۇتلەقنى مۇقەييەد قىلغان(يەنى دائىرىسىنى بەلگىلىگەن) ياكى ئىخچامنى تەپسىلى بايان قىلغان ياكى ئومۇمى ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرغان ھەدىسلەرگە ئوخشاش. سۈننەتنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ تۈرنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: قۇرئاندا ھۆكمى كەلمىگەن، سۈننەت (ھەدىس شەرىپ) بىلەن ئىسپاتلانغان ئەھكاملار(قانۇنلار)غا ئوخشاش. مەسىلەن، بىر ئايال بىلەن هاممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىشنىڭ ھاراملىقى، خوشنىدارچىلىقتىكى شۇپئەت ئەھكاملىرى، توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنى چالما كېسەك قىلىش ھۆكمى، چوڭ ئانىنىڭ مىراسي...غا ئوخشاش.

سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم (قانۇن) چىقىرىشىنىڭ مەنىسى: قۇرئان كەرىمدە بايانى كەلمىگەن ھۆكۈملەر يالغۇز سۈننەتنىڭ دەلىلى ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ.

سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتنىڭ مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا تەبلىغ قىلىش دەپ قارىشىدۇ.

سۈننەتنىڭ ئۈچىنچى تۈرى(يەنى مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىشى) ھۆججەت، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش پەرزدۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

1. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بارلىق نەرسىلەرنى، شۇنىڭ قاتارىدا قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى كەلمەي مەخسۇس سۈننەتتە كەلگەن نەرسىلەرنى

يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن مەسۇملىقى(يەنى خاتالاشمايدىغانلىقى)نىڭ ئومۇمىيلىقى دەلىلدۇر. ئۇ(سۈننەت) ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھەقىقەت، شۇنداق بولغان ئىكەن، مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىش ۋاجىپ(يەنى پەرز).

2. سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى دەلىلدۇر، سۈننەتنىڭ مەيلى ئۇ سۈننەت تەكىتلەپ كەلسۇن ياكى بايان قىلىپ كەلسۇن ياكى مۇستەقىل ھۆكۈم ئېلان قىلىپ كەلسۇن سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىككە دەلىلدۇر. سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىككە دەلىل بولۇپ كەلگەن ئايەتلەر يۇقىرىقى ئۈچ تۈرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خاسلاشتۇرۇشقا ھېچقانداق ئېھتىماللىق قالدۇرمايدۇ.

ئاللاھنىڭ:«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە،ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»،(نىسا ،65-ئايەت) دېگەن ئايىتى مۇستەقىل سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام شافىئى بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق خالايىقلارغا شۇنى بىلدۈردىكى، ئاللاھنىڭ كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىرغانلىقى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چاقىرغانلىقتۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھاكىم رەسۇلۇللاھدۇر، ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنسا ئاللاھنىڭ شۇنى(يەنى ئىتائەت قىلىشنى) پەرز قىلىشى بىلەن بويسۇنغان بولىدۇ»،(ئىمام شافىئىينىڭ«رىسالە»ناملىق ئۇسۇلى فىقھى كىتابىنىڭ، 84-بېتىگە قاراڭ).

3.سۈننەتنىڭ-تەكىتلىگۈچى، بايان قىلغۇچى ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقارغۇچى-تۈرلىرىنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى دەلىلدۇر.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ:«سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ئېسىلىڭلار» دېگەن. (بۇخارى ۋە ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

يەنە:«سىلەردىن بىرىڭلارنى، مەن بۇيرۇغان ياكى چەكلىگەن ئىشلاردىن بىرەرسى سىلەرگە يەتسە، ساپاسىدا كىيىلىپ ئولتۇرۇپ بىلمىدىم، بۇ ھۆكۈم ئاللاھنىڭ كىتابىدا يوق ئىكەن، ئەگەر قۇرئاندا بولغان بولسا ئەگەشكەن بولاتتۇق»دەيدىغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي» دېگەن، (تىرمىزى ئىلىم بابىدا، ئەبۇداۋۇد سۈننەتكە ئېسىلىش بابىدا، ئىبنى ماجە ئىلىم بابىدا رىۋايەت قىلغان).

يەنە رەسۇلۇللاھ مۇئازغا«ئەگەر سەن بىرەر مەسىلىگە يولۇقساڭ نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟ دېگەندە، مۇئاز: ئاللاھنىڭ كىتاۋى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئۇ ھۆكۈم ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىسىچۇ؟ دېگەندە، مۇئاز:رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن دەپ جاۋاب بەرگەن». (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

4. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۈردىكى سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنى ھۆججەت دەپ قاراشقا بىرلىككە كەلگەنلىكى(يەنى ئىجما) دەلىلدۇر:

مۇسۇلمانلار پەقەت سۈننەت (ھەدىس)تىن باشقا دەلىلى يوق تارماق ئەھكاملاردىمۇ بىرلىككە كەلگەن. مەسىلەن، چوڭ ئانىنىڭ مىراسىنىڭ ئالتىدە بىر قىسمىنى ئالىدىغانلىقىغا مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىلى مۇستەقىل سۈننەتتۇر، چۈنكى بۇ ھۆكۈمنىڭ قۇرئاندا دەلىلى يوق.

( 2 )

## مۇستەقىل ھۆكۈم يولغا قويغان سۈننەتلەردىن مىساللار

مۇجتەھىد ئىمام شەۋكانى سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى توغرىسىدا: «سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى ۋە مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتى دىنى زۆرۈرىيەت، بۇ مەسىلىگە ئىسلامدىن تەلىيى يوق ئادەمدىن باشقىسى قارىشى تۇرمايدۇ»(1) دېگەن.

مۇجتەھىد ئىمام ئىبنى قەييۇم «ئىئلام مۇۋەققىئىن» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە، مۇستەقىل سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان ئەھكاملارنى كۆپ زىكىر قىلىپ مۇنداق دېگەن:«قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى كەلمىگەن، ئەمما سۈننەتتە ھۆكمى كەلگەن ئەھكاملار ئاز ئەمەس، ئەگەر بىز قۇرئاندا دەلىلى بار ھۆكۈمدىن باشقا ھەر بىر سۈننەتنى(ھەدىس)نى رەت قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا قۇرئان دەلىل كەلتۈرگەندىن باشقا سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھ كەلگۈسىدە ئەھلى سۈننى يولىدىن ئايرىلغان مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ چىقىشى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن ئىدى، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ»(2).

سۈننەت مۇستەقىل قانۇن چىقارغان ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىنكار قىلغان ھەدىسلەردىن مىسال:

1. ئىسلام دىندا، بىر قانچە ئايال ئالماقچى بولسا، بىر ئايال بىلەن ئۇ ئايالنىڭ دادا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ توي قىلىش ھارام بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ:«ئايال كىشى ھاممىسى ئۈستىگە نىكاھ قىلىنمايدۇ» دېگەن (بۇخارى نىكاھ بابىدا رىۋايەت قىلغان).

2.ئۆي ئېشەكلىرى سۈننەتنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن ھارام قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ:«ئۆي ئېشەكلىرىنى يېيىشنى چەكلىگەن»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

3.ئېزىق چىشقا ئىگە ھەر قانداق يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋە يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ: «ھەر قانداق يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋە يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى»(مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

4.نەسەبتىن ھارام بولغان نەرسە ئېمىلدەشتىمۇ ھارام بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ نەسەبتىن ھارام بولغان نەرسىنى ئېمىلدەشتىمۇ ھارام قىلدى» دېگەن.(مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

5.ھاراق ئىچكۈچىگە بېرىلىدىغان جازا مۇستەقىل سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان.(تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

6. تويي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغانلارغا بېرىلىدىغان چالما كېسەك جازاسى مۇستەقىل سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان (بۇخارى رىجىم قىلىش بابىدا، مۇسلىم جازا بابىدا رىۋايەت قىلغان).

7.ھەزرىتى ئەلى:«دەررە ئۇرۇش قۇرئاندا ئىسپاتلانغان،چالما كېسەك قىلىش سۈننەتتە ئىسپاتلانغان» دېگەن(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

8.ۋاقىتلىق نىكاھ قىلىشنىڭ ھاراملىقى سۈننەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.رەسۇلۇللاھ:«ۋاقىتلىق نىكاھ قىلىشتىن چەكلىدى» (بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەھكاملار سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان. ئىبنى قەييۇمنىڭ ئىئلام مۇۋەققىئىن ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

مۇجتەھىد ئىمام شاتىبى سۈننەت مۇستەقىل يولغا قويغان ئەھكام (قانۇن)لار توغرىسىدا نېمە دەيدۇ؟

شاتىبى مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئانا بىلەن قىزىنى ۋە ئاچا-سىڭىلنى تەڭ نىكاھىغا ئېلىشنى ھارام قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى قىياس بابىدىن بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھاممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ نىكاھ قىلىشنى ھارام قىلدى، چۈنكى يۇقىرىقىلارنى بىرلەشتۈرۈپ نىكاھ قىلىشنى ئەيىپلىگەن ئىللەت بۇ يەردىمۇ بار، شۇڭا رەسۇلۇللاھ:«ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلىپ قالساڭلار، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىڭلارنى ئۈزۈپ قويىسىلەر»دېگەن (شاتىبىنىڭ«مۇۋافىقات» ناملىق كىتابىنىڭ، 4-توم، 422-بېتىگە قاراڭ).

ئۇ يەنە «ئىئتىسام» ناملىق كىتابىنىڭ:«توغرا يول» بابىدا، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ ھىدايەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىس شەرىپ ئايال كىشى ھاممىسىغا نىكاھ قىلىنمايدۇ، نەسەبتىن ھارام بولغان نەرسىلەر ئېمىلدەشتىمۇ ھارام بولىدۇ، دەپ بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا ھارام نەرسىلەرنى بايان قىلغاندا ئېمىلدەشتىن پەقەت ئانا بىلەن ھەمشىرىنىلا بايان قىلدى، بىرلەشتۈرۈپ ئېلىشتىن ئاچا-سىڭىلنىلا زىكىر قىلدى، ئاندىن كېيىن:«بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى»(نىسا سۈرىسى، 24-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)دېدى. بۇ ئايەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئايال كىشى ھاممىسىغا نىكاھلانسا بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ، چۈنكى ئايەت بۇنى چەكلىمىدى، لېكىن سۈننەت بۇنداق نىكاھنى ھارام دەپ ھۆكۈم قىلدى. مانا بۇ ئىشلار ئومۇمنى خاسلاشتۇرغانلىق بابىدىن بولىدۇ، قانداقتۇر بۇ يەردە ئايەت بىلەن ھەدىسنىڭ ھۆكمىدە زىتلىق تېپىلمايدۇ"(3)

ئىمــام شــاتىبى ســۈننەتنىڭ قۇرئــان كــەرىمنىــڭ ئومــۇمى هــۆكمىنى خاسلاشــتۇرغان هــۆكمىنى «خاسلاشــتۇرۇش»دەپ ئاتىغــان، ئــۇنى كۆپچىلىــك ئاتىغانــدەك «ســۈننەتنىڭ مۇســتەقىل قــانۇنلىرى» دەپ ئاتىمىغــان. دېمەك، بــۇ پەقەت سۆزدىكى ئوخشاشماسلىقتۇر.

ئىمـام شـاتىبى سـۈننەت مۇسـتەقىل هـارام قىلغـان نەرسـىلەر توغرىسـىدا مۇنداق دەيدۇ:«ئـاللاھ تائـالا پـاك نەرسـىلەرنى هـالال قىلـدى، نىجىـس نەرسـىلەرنى هـارام قىلـدى، بـۇ ئىككـى ئاساسـنىڭ ئارىسـىدا بىـر بۆلـەك نەرسـىلەر بولـۇپ، بـۇ نەرسـىلەرنى ئـۇ ئىككـى ئاساسـقا قوشـۇش مـۈمكىن. شـۇڭا رەسـۇلۇللاھ ئېزىـق چىشلىق يىرتقـۇچ هـايۋانلارنى، يىرتقـۇچ تىرنـاقلىق قۇشـلارنى يېيىشـنى هـارام قىلدى ۋە ئۆي ئىشەكلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىدى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى نىجىس دەپ بايان قىلدى.

ئىبنـى ئـۆمەر كىـرپە توغرىلىـق سـورالغاندا، ئاللاھنىـڭ مۇنـۇ ئـايىتىنى تىلاۋەت قىلغان:«(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەهيي قىلىنغان ئەهكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلـۇپ قالغـان نەرسـە يـاكى ئېقىـپ چىققـان قـان ۋە يـاكى چوشـقا گۆشـى-چوشـقا نىجىـس يېمەكلىكلەرگە ئـادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر- ۋە ئاللاھدىن غەيرىينىـڭ ئىسمى ئېيتىلىـپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىيىنى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن هـارام كـۆرمەيمەن» (ئەنئام سۈرىسى،145-ئايەت). شۇ چاغدا بىـر ئـادەم ئۇنىڭغـا مەن ئەبۇھۇرەيرىنىـڭ مۇنداق هەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا كىرپىنىڭ گېپى چىققاندا رەسۇلۇللاھ: «نىجىسلارنىڭ بىر تۈرى»دېگەن، ئىبنى ئۆمەر: ئەگەر رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن بولسا، مەسىلە رەسۇلۇللاھ دېگەندەكتۇر» دېگەن (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئەمما ھەزرىتى ئەلىنىڭ:«مۇسۇلمان كاپىرنىڭ باراۋىرىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن ھەدىسى توغرىسىدا شاتىبى مۇنداق دەيدۇ:«بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئىككى خىل قاراشتا بولۇشتى، بەزىلەر دەلىل كەلتۈرۈپ:«ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ»، (نىسا سۈرىسى، 141-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)... دېيىشتى. يەنە بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى قىياستىن ئېلىشمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئاللاھ: «ھەر ئادەم ئۈچۈن ھەر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن قىساس ئېلىنىدۇ»، (بەقەرە سۈرىسى، 178-ئايەت) شۇڭا قۇل ئۈچۈن ھۆردىن قىساس ئالمىدى، قۇللۇق دېگەن كۇپۇرلۇقنىڭ تەسىرىدۇر، شۇڭا كاپىر ئۈچۈن مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنماسلىقى ئەۋزەل" (4)

شاتىبى چالما كېسەك قىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ:چالما كېسەك قىلىش ئاللاھنىڭ كىتابىغا زىت، چۈنكى سۈننەت چالما كېسەك قىلىش ۋە پالاشقا ھۆكۈم قىلدى، قۇرئاندا چالما كېسەك ياكى پالاشنىڭ ھۆكمى يوق، ئۇنداقتا ھەدىس باتىل بولسا مەقسىتىمىزگە ئۇيغۇن. ئەگەر ھەدىس سەھىھ بولۇپ قالسا، قۇرئان كەرىمگە زىتلاشقان بولىدۇ، دېگەن سۆزى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«بۇلارنىڭ سۆزى مۇتەشابىھغا ئەگەشكەنلىكتۇر، چۈنكى «كىتاب»دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ۋە شەرىئەتتە بىر قانچە مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈم ۋە پەرز مەنىدە كېلىدۇ: ئۇ چاغدىكى مەنىسى:سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتاۋى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، يەنى بىزگە يولغا قويغان ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن دېگەن بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ قۇرئاندا بولىشى ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەتتە بولسىمۇ ئۇمۇ شەرىئەت. شۇنداقلا «كىتاب»دېگەن سۆز قۇرئانغا قارىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىتابنى دەلىلسىز بىر مەنىسى بىلەن خاسلاشتۇرۇۋېلىشى شۇبھىگە ئەگەشكەنلىكتۇر"(5)

بەزىلەر سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىشتا، ئىمام شاتىبىنىڭ سۆزىنى خاتا تەۋىل قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دەستەك قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، شاتىبىنىڭ سۆزلىرىدىن دەلىل كەلتۈردۇق.

***

سۈننەت مۇستەقىل يولغا قويغان ئەھكاملار ئاز ئەمەس، بۇ ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىغا كۈچلۈك پاكىت بولالايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن قانداق ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولسا، سۈننەت مۇستەقىل يولغا قويغان ئەھكاملار بىلەنمۇ شۇنداق ئەمەل قىلىش ۋاجىپ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ قاراشقا ئالىم دەپ سانىلىدىغان كونا ۋە يېڭى ئالىملارنىڭ ئىجماسى باردۇر.

رەسۇلۇللاھدىن قوبۇل قىلغان كىشى ئاللاھدىنمۇ قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلدى. ئىمام شافىئى «رىسالە» ناملىق داڭلىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:«قۇرئان كەرىمدە بايانى يوق مەسىلىدە رەسۇلۇللاھ ھۆكۈم بايان قىلغان بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن يولغا قويىدى. ئاللاھ :«شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن»،(شۇرا سۈرىسى،52-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ھۆكۈم يولغا قويغان بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن يولغا قويىدى، رەسۇلۇللاھ يولغا قويغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىگە ئەگىشىش ۋاجىپ. كىم رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلسا ئاللاھنىڭ پەرز قىلىشى (يەنى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشى)بىلەن قوبۇل قىلغان بولىدۇ»(7).

(3)

## سۈننەت(ھەدىس)نى ئىنكار قىلىشنىڭ زىيانلىرى

1.«ئەقىدە» مەسىلىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلاتى قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە سۈننەتكە تايىنىدۇ. سۈننەتنى ئىنكار قىلغانلىق ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ئۇزۇك ۋە ئېنىقسىز قىلىپ قويىدۇ.

2.ئەمەلىي شەرئى ئەھكاملارنىڭ ئاساسى«ئۇسۇلى فىقھى ئىسلامى» (يەنى ئىسلامنى چۈشىنىش ئاساسلىرى)نى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ پەن ئەھكاملار تايىنىدىغان دەلىل-پاكىتلار ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. قانۇنشۇناس ئالىملار سۈننەتنىڭ ئىسلامنىڭ قانۇنشۇناسلىقىدا ئىككىنچى مەنبە ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىسلام فىقھىسىنى شامالدا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

3.تارماق مەسىلىلەر«مەزھەپ ۋە سېلىشتۇرما قاراشلار»نى چۈشىنىشنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ، چۈنكى فىقھى ۋە رىئال مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۈننەتكە تايىنىدۇ. مەسىلەن، روزىنى بۇزۇۋەتكەن ئادەمگە كېلىدىغان كاپپارەتنىڭ مىسالى، ھاراقكەشنىڭ جازاسىغا ئوخشاش...

4.قۇرئاننىڭ ئىلىملىرى(ئۇلۇم قۇرئان)نى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇلۇم قۇرئان سۈننەتكە تايىنىدۇ. دېمەك، سۈننەت ئىنكار قىلىنسا مۇسۇلمانلارنى كۆرسەتمىسى كۈچلۈك ۋە بەلگىلىرى ئېنىق بولغان مەنبەدىن ئايرىپ قويىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلىش قۇرئاننى شەكلەندۈرۈشكە يول ھازىرلاپ بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھغا ئەگىشىشكە، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتلەرنى ئېتىبارسىز قىلىپ قويىدۇ.

سۈننەتكە تەنە قىلغانلىق ئىسلامنىڭ ئەقىدىسى، ئىبادەتلىرى، قانۇن-تۈزۈملىرى، ئەخلاقلىرى ۋە بىرلىكىنى ئۆرۈپ تاشلىغانلىق بولىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد ئەسەد مۇنداق دەيدۇ:«سۈننەت 13 ئەسىردىن بۇيان ئىسلام ئويغىنىشىنى چۈشىنىشىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى، سۈننەت نېمە ئۈچۈن ھازىرقى چۈشكۈنلىكىمىزنى چۈشىنىشىنىڭ ئاچقۇچى بولالمايدۇ؟ سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىش ئىسلامنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدىغانلىقتۇر، سۈننەتنى تاشلاش ئىسلامنى تاشلىغانلىقتۇر»(مۇھەممەد ئەسەدنىڭ«ئىسلام يول بويىدا»ناملىق ئەسىرىنىڭ، 87-بېتىگە قاراڭ).

(4)

## سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

مۇھەددىس ئىمام مۇھەممەد بىن ھۇسەين ئاجۇرى "شەرىئەت" ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەرز قىلغان بارلىق پەرزلەرنىڭ ھۆكمى پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق تونۇلىدۇ، مانا بۇ ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى، كىم بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلسا ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە دىنسىزلار قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ»،("شەرىئەت"ناملىق كىتابىنىڭ 50-بېتىگە قاراڭ).

ئىمام ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر بىر ئادەم: قۇرئاندىن باشقىسىنى ئالمايمىز دېسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىر بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا كۈن چىققاندىن تارتىپ، كېچە كىرگىچە ۋە يەنە سەھەر ۋاقتىدا بىر رەكەت

نامازدىن باشقىسى لازىم بولمايدۇ. ناماز دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ قارىغان ئادەم كاپىردۇر»،(ئىبنى ھەزمى«ئىهكام»، 2-توم، 214-بېتىگە قاراڭ).

ھافىز ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دەيدۇ:«بىلىپ قويۇڭلار، كىم رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كەتتى»(سۇيۇتىنىڭ: «سۈننەت بىلەن ھۆججەت كۆرسىتىشتە جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»ناملىق كىتابىنىڭ، 14-بېتىگە قاراڭ)

---

(1).ئىمام شەۋكانىنىڭ"ئىرشادۇل فۇھۇل"ناملىق ئۇسۇلى فىقهى كىتابىنىڭ، 1-توم، 158- بېتىگە قاراڭ.

(2).ئىبنى قەييىمنىڭ"ئىئلام مۇۋەققىئىن" ناملىق ئەسىرىنىڭ، 2-توم، 287-290-بەتلەرگە قاراڭ.

(3).شاتىبىنىڭ"ئىئتىسام" كىتابىنىڭ، 2-توم، 560-بېتىگە؛ "مۇۋافىقات" نىڭ 4-توم، 424-بېتىگە قاراڭ.

(4). شاتىبىنىڭ" مۇۋافىقات" كىتابىنىڭ، 4-توم، 432-بېتىگە قاراڭ.

(5). شاتىبىنىڭ"ئىئتىسام" كىتابىنىڭ، 1-توم، 199- 200-بېتىگە؛ 2-توم، 558-بېتىگە قاراڭ.. دوكتۇر تاھا ھۇبەيشىنىڭ:"سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازغۇنلىقى" ناملىق كىتابىنىڭ، 295-بېتىگە قاراڭ).

(6).شاتىبىنىڭ:"ئىئتىسام" كىتابىنىڭ، 2-توم، 509- 560-بېتىگە قاراڭ.. دوكتۇر ئابدۇلمۇئىم ئەتىييەنىڭ سۈننەتنىڭ جازا ئىشلىرىدىكى پرىنسىپى ۋە جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تەسىرى" ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

(7).ئىمام شافىئىينىڭ"رىسالە"ناملىق كىتابىنىڭ،88-ۋە22-بېتىگە قاراڭ

## سۈننەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟

"بۇ ماقالە دوكتور يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ (سۈننەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز) ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى ".

**(1)**

### سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس مۆجىزىسى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى. سۈننەت بولسا ئىسلامدىكى ئىككىنچى مەنبە بولۇپ قۇرئاننى شەرھلىگۈچى. رەسۇلۇللاھ سۆزى، ئەمەلىي ۋە تەستىقلىشى ئارقىلىق قۇرئاننى ئىزاھلاپ بەرگۈچى زات.

سۈننەت قۇرئاننىڭ ئەمەلىي تەپسىرى، ئىسلامنىڭ رېئال ۋە نەمۇنىلىك ئەمەلىيىتى.قايسى بىر ئادەم ئىسلامنىڭ ئەمەلىي مېتودىنى خۇسۇسىيەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىلمەكچى بولسا، ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى بىلسە بولىدۇ.

#### 1.سۈننەت ئومۇمى مېتود:

قۇرئان كەرىم خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك:«ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان... قىلىپ نازىل قىلدۇق» نەھل سۈرىسى، 89- ئايەت) ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل مېتود بولسا، سۈننەت

مېتودى قۇرئاننىڭ مېتودى ئىچىدە ماڭىدۇ، چۈنكى سۈننەت قۇرئاننى بايان قىلىپ بەرگۈچىدۇر.

سۈننەت ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۈچۈن ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئالاھىدە مېتودتۇر. ئۇزۇنلۇقتىن مەقسەت: ئىنساننىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كەڭلىكتىن مەقسەت: سۈننەت ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى سۈننەت ئائىلە، بازار، مەسچىت، يول ، خىزمەت، ئاللاھ بىلەن ئالاقە، ئۆزى بىلەن ئالاقە، مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چوڭقۇرلۇقتىن مەقسەت: ئىنساننىڭ ھاياتىغا چۆكۈپ، جىسىم، ئەقىل ۋە روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۆز، ئەمەل ۋە نىيەتنى ئومۇملاشتۇرىدۇ.

ئەپسۇسكى بەزى قېرىنداشلىرىمىز سۈننەتتىن ساقالنى ئۇزۇن قويۇشنى، كىيىمنى قىسقا كىيىشنى ۋە مىسۋاك ئىشلىتىشنى ياخشى بىلىدۇ.سۈننەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مېتود ئىكەنلىكىدىن غاپىل قالماقتا.

## 2. تەڭپۇڭ پرىنسىپ:

سۈننەت تەڭپۇڭ پرىنسىپ بولۇپ، روھ بىلەن جىسىم، ئەقىل بىلەن قەلب، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، نەمۇنىلىك بىلەن رېئاللىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، مېتافىزىكا بىلەن مەۋجۇدىيەت، ئەركىنلىك بىلەن مەسئۇلىيەت، يەككىلىك بىلەن كوللېكتىپ ۋە سۈننەتكە ئەگىشىش بىلەن ئىجادىيەت ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

سۈننەت تەڭپۇڭ مېتود:«ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى، ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار» (رەھمان سۈرىسى، 8-9-ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سۇسلۇق قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇلارنى ئوتتۇراھاللىققا قايتۇراتتى، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سۇسلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇراتتى.

### 3. بىر پۈتۈن مېتود:

سۈننەت مۇكەممەل مېتود بولۇپ، ئىمان بىلەن مەرىپەت ياكى ۋەھىي بىلەن ئەقىل مۇكەممەللىشىدۇ، ھەر بىرسى نۇر ئۈستىدىكى نۇر بولىدۇ.

سۈننەتتە تەربىيە بىلەن قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەللىشىدۇ، تەربىيەنىڭ يېتىشتۈرۈش ۋە كۆرسەتمە بېرىشتە تەسىرى بولسا، قانۇن تۈزۈمنىڭ ساقلاش، ھىمايە قىلىش، ئەدەپلەش ۋە جازالاشتا رولى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىمايە قىلىدىغان قانۇنى يوق تەربىيە ئۇنۇم بەرمەيدۇ ۋە تەربىيىسىز قانۇن-تۈزۈم مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. سۈننەتتە كۈچ بىلەن ھەقىقەت ياكى دۆلەت بىلەن دەۋەت بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ...

### 4. رېئال مېتود:

سۈننەت **رېئال** مېتود بولۇپ، كىشىلەر بىلەن قاناتلىق پەرىشتە ئېتىبارى بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى زۆرۈرىيەتلىرى، ھاجەتلىرى بار، روھى سېغىنىش ۋە يۇقىرىغا ئىنتىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، تۇيغۇ ۋە شەھۋەتلىرى بار،

شۈنداقلا توغرا ئىش قىلىدىغان ۋە خاتالىشىدىغان ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ...

ئىنسان بەزىدە ئۆرلەپ يەنە بەزىدە تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى، ھىدايەت تېپىپ ئېزىپ كېتىدىغانلىقى، توغرا يولدا كېتىۋېتىپ بۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ تەۋبە قىلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

سۈننەت ئىنساننىڭ ساپلىشىپ سۈزۈكلىشىدىغانلىقى، بەزىدە غاپىل قالىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىغا رىئايە قىلغان، دۇرۇس ئىشلار دائىرىسىنى كەڭرى قىلىپ بەرگەن ۋە ھارام رايونىنى تار قىلغان. ئىسلام دىنىدا ھارامنىڭ دائىرىسى ناھايىتى تار.

سۈننەت ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىغا رىئايە قىلىپ، زۆرۈرىيەت يۈز بەرگەندە چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى دۇرۇس قىلىپ بەرگەن، ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرىغا رىئايە قىلىپ ھاجەت تېپىلغاندا بەزى ھارام ئىشلارنىمۇ دۇرۇس قىلىپ بەرگەن.

سۈننەت ئىنساننىڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىدىكى ئەمەلىيىتىگە رىئايە قىلغان, شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەۋبە يولىنى توساپ قويمىغان، بەلكى تەۋبە يولىنى كەڭرى ئېچىپ بەرگەن...

سۈننەت كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئەھۋالى، شارائىتى ۋە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىگە رىئايە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت كىشىلەرنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىپ بىر سوئالغا بىر قانچە خىل شەكىلدە جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىنىپ قالغان ئادەمگە يىگىتنىڭ ئورنىدا مۇئامىلە

قىلىنمايدۇ، زۆرۈرىيەت ھالىتىدىكى ئىنسان ئىختىيارلىق ۋە نورمال ھالەتتىكى ئىنساندەك مۇئامىلە قىلىنمايدۇ.

سۈننەت شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆرپ-ئادىتىگىمۇ رىئايە قىلغان. مەسىلەن، ئېپوپىيەلىكلەرنىڭ مەسچىتتە نەيزىۋازلىق ئويۇنىنى ئويناشقا رۇخسەت قىلغان. شۇنداقلا توي-تۆكۈن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلەردە ئىنسانىنىڭ كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ھاجىتىگە رىئايە قىلىپ ئويۇن-كۈلكىلەرنى يولغا قويۇپ بەرگەن.

## 5. سۈننەت ئاسان مېتود:

سۈننەت شۇنداقلا ئاسانلىق، قولايلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن ئالاھىدە مېتود. مانا بۇ سۈننەتنىڭ ئەمەلىي مېۋىسىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە كىشىلەرنى دىن جەھەتتە قىيىنچىلىققا قالدۇرىدىغان ياكى دۇنيالىقىدا چارچىتىدىغان نەرسە تېپىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەپ:«مەن ھىدايەتكە باشلىغۇچى رەھمەتتۇرمەن» دېگەن. (تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ مېنى جاپا سالغۇچى ۋە چارچاتقۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، بەلكى مېنى ئاسانلاشتۇرغۇچى مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتتى» دېگەن. (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتمە ۋە يوليورۇق بېرىپ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۇرمەڭلار، خۇش-بىشارەت بېرىڭلار، ھۈركىتىپ قويماڭلار» دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ شۇنداقلا دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا راھىبلىق، تۇل ئۆتۈش ۋە ھالال نەرسىلەردىن

ئۆزىنى مەھرۇم قىلىش يولغا قويۇلمىغان. ئۇ نورمال ۋە ئوتتۇراھال شەكىلدە ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشقا چاقىرىپ: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن.(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە:« ئاللاھ تائالا نېمىتىنىڭ تەسىرىنى بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

يەنە:«ئاللاھ گۇناھ ئىشلارنىڭ قىلىنىشىنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەتلىرىنىڭ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن.(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

## (2)

## مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننەتكە قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى

سۈننەت مۇسۇلماننىڭ شەخسى ھاياتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى ئۈچۈن تەپسىلى مېتود بولسا، قۇرئاننى شەرھلىگۈچى ۋە ئىسلامنى ئەمەلىي ئىپادىسى.

رەسۇلۇللاھ قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرەتتى. سۆزى، ئەمەلىيىتى ۋە تەرجىمىھالى ئارقىلىق ھەر قانداق شارائىتتا ئىسلامنى مۇجەسسەملەشتۈرەتتى.

مۇسۇلمانلار ئومۇملۇق، مۇكەممەللىك، تەڭپۇڭلۇق، رېئاللىق ۋە ئاسانلىق خۇسۇسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرى نامايان بولۇپ تۇرغان رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ مېتودىنى بىلىشى ۋاجىپ. شۇنداقلا بۇ سۈننەتكە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق چۈشىنىش ۋە تۇرمۇشىدا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ياخشى ئىگىلىشى لازىم.

بۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى كرىزىسى ئىدىيە كرىزىسىدۇر، بۇ كرىزىس ۋىجدان كىرىزىسىنىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى ئىدىيە دائىم

تەسەۋۋۇر قىلىشنى بەلگىلەيدۇ ۋە يولنى سىزىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىدىيە سىزىپ بەرگەن تەسەۋۋۇرغا قارىتا ھەرىكەت باسقۇچى يېتىپ كېلىدۇ.

بۈگۈنكى ئويغىنىش ياشلىرىدىكى كىرىزىس سۈننەتنى قانداق چۈشىنىش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىش كىرىزىسىدۇر.

### 3خىل ئايەتتىن ئاگاھ بولۇش لازىم:

رەسۇلۇللاھ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى، بىدئەت پەيدا قىلغۇچى ۋە بىلىمسىز نادانلارنىڭ قولى ئارقىلىق سۈننەت(ھەدىس) دۇچ كېلىدىغان خەتەرنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر سۈننەتكە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مېتودىغا خەتەر ۋە ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

<u>بىرىنچى:چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ بۇرمىلاش ھەرىكىتى:</u>

بۇرمىلاش: چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، بۇ دىنىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولغان ئوتتۇراھاللىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئاسانلىقتىن چەتنەش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماي چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىزدىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

رەسۇلۇللاھ:«دىنىڭلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك سەۋەبتىن ھالاك بولغان»دېگەن.(ئىمام ئەھمەد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

<u>ئىككىنچى: بىدئەت پەيدا قىلغۇچىلار:</u>

تۇغرا يولدىن چەتنىگەنلەر سۈننەتكە دىنىنىڭ ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتى رەت قىلىدىغان، ئاساسىي ۋە تارماقلىقلىرىغا بىدئەت ۋە خۇراپاتقا ئوخشاش يوق نەرسىنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. لېكىن ھەدىسشۇناسلار ئۇلارغا پۇرسەت

بەرمەيدۇ، ھەر قانداق كىرىش ئېغىزىنى تاقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاساسسىز ھەدىسنى قوبۇل قىلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار:«ئىسناد(ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىش يولى، تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئىسپاتلاشتىكى دەلىل) دىندۇر، ئەگەر ئىسناد بولمىغان بولسا ھەر بىر ئادەم خالىغىنىنى دېگەن بولار ئىدى» دېگەن. ھەدىسشۇناسلار قوبۇل قىلىش شەرتىگە چۈشمىگەن ۋە كېسەل ئىللەتتىن ساغلام بولالمىغان ھەدىسلەرنى رەت قىلىپ كەلمەكتە.

يالغان ھەدىسلەردىن مىسال:«ئاياللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قارىشى يول تۇتۇڭلار ۋە ئۇلارغا يېزىقچىلىقنى ئۆگەتمەڭلار» دېگەن ھەدىس يالغان ۋە ئويدۇرما خەۋەردىن ئىبارەت.

<u>ئۈچىنچى: بىلىمسىزلەر ۋە نادانلارنىڭ تۈرلۈك ئىزاھلىشى:</u>

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى سەتلەشتۈرۈپ، سۆزنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئەتراپىنى تارايتىۋېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد. بىلىمسىزلەر ۋە جاھىللار ھەدىسنى خالىغانچە قائىدىسىز ئىزاھلاپ، خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ، دىنىنىڭ ھەقىقىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. دىنىنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنى بىلمىگەن، بىلىم- مەرىپەتتە ئاساس سالمىغان ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغان نادانلار خاتا چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق دىنغا ھاقارەت كەلتۈرمەكتە.

ھۆججەت ئىزاھلاش ۋە شەرھلەش شەرت ۋە ئۆلچەملىرىنى بىلمەيدىغان ئالىملىق تونىنى كىيىۋالغان، بىلەرمەنلىك ئۇنۋانىنى دەستەك قىلغان مۇنداق بىلىمسىزلەرنىڭ ئورۇنسىز چۈشەنچىلىرىدىن ھەزەر قىلىش لازىم.

## (3)

## سۈننەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى

1: سۈننەتنىڭ ساغلام ۋە ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكشىلەش:

يەنى ھەدىسشۇناس ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان «ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئىلمى» دىن ئىبارەت ئىنچىكە ئۆلچەم بويىچە سۈننەتنىڭ يېتىپ كېلىش يولى ۋە ماددىسىنىڭ ساغلاملىقىنى تەكشىلەش لازىم.

2. سۈننەتنى ياخشى چۈشىنىش:

لۇغەت ئۇقۇمى ، ھەدىس شەرىپنىڭ سىياقى، ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبى، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ روھى ئاستىدا، ئىسلامنىڭ ئومۇمى پرىنسىپلىرى ۋە پرىنسىپال مەقسەتلىرى دائىرىسىدە ياخشى چۈشىنىش لازىم. شۇنداقلا سۈننەتنىڭ قانۇن-تۈزۈم (شەرئى ھۆكۈم) چىقىرىش يولىدا كەلگەن سۈننەتمۇ ياكى قانۇن-تۈزۈم(ھۆكۈم چىقىرىش) بىلەن ئالاقىسى يوق خاسلىققا ئىگە ياكى ۋاقىتلىق سۈننەتمۇ پەرقلەندۈرۈپ بىلىش كېرەك. خاتا چۈشىنىش ئېغىر ئاپەتتۇر.

3.سۈننەتنىڭ كۈچلۈك قارشى دەلىلدىن سالامەتلىكىنى تەكشىلەش:

سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى باشقا سەھىھ ھەدىسلەردىن ئىبارەت كۈچلۈك قارشى دەلىلدىن سالامەتلىكىنى ئىسپاتلاش لازىم...

سۈننەتلەر زاھىرىدا زىتلىق كۆرۈنۈپ قالسا قانداق بىر تەرەپ قىلىش يەنى بىرنى يەنە بىرسىدىن قانداق كۈچلەندۈرۈش قائىدىسىنى بىلىش لازىم.

## (4)

## سۈننەت ئالىم ۋە دەۋەتچىنىڭ مەنبەسى

### 1. سۈننەت فىقھى ۋە قانۇن چىقىرىش ساھەسىدە:

سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىسلامنىڭ فىقھى ۋە قانۇن چىقىرىشتىكى ئىككىنچى مەنبەسىدۇر. سۈننەت قۇرئاننى بايان قىلىپ بەرگۈچىدۇر. سۈننەتنىڭ ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ئۇندىن باشقا ئىشلاردا قانۇن چىقىرىش مەنبىيى ئىكەنلىكىدە تالاش- تارتىش مەۋجۇد ئەمەس.

شۇنى كەسكىن بايان قىلالايمىزكى، تۈرلۈك مەزھەپ ۋە ئوخشىمىغان ئەللەردىكى فۇقاھالارنىڭ ھەممىسى سۈننەتكە تايىنىشنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدىغان ئىدى ۋە سۈننەتنى مەنبە قىلاتتى...

سۈننەت فەقىھنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولسا، فۇقاھالار ھەدىس ئىلمىدە چوڭقۇرلىششى لازىم، شۇنداقلا ھەدىسشۇناسلارمۇ پىقھى بىلىمنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار بىلەن پىقھى ئىلمىدە شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئېتىش ناھايىتى مۇھىم. ھەدىسشۇناسلار بىلەن فۇقاھالار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق بەك يېقىن بولىشى لازىم. فەقىھ ئۈچۈن ھەدىس لازىم، چۈنكى فىقھى ھۆكۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان، شۇنداقلا ھەدىسشۇناسلار ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن فىقھىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

فىقھى كىتابلىرىنى ھەدىس ئىلمىنىڭ سايىسى ئاساسىدا ئۆتكۈر ئەقىل بىلەن قايتا تەكشۈرۈپ، ئاجىز ھەدىسلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈملەرگە

قايتا قاراپ چىقىش زۆرۈر. ئاجىز ھەدىس بىلەن ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق مەسىلە.

فەقىھ ئۈچۈن ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى، ھەدىسشۇناس ئۈچۈن فىقھىنى بىلىشى لازىم. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە:«ئەگەر ئىش مېنىڭ قولۇمدا بولىدىغان بولسا فىقھى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ھەدىسشۇناسنى، ھەدىس بىلەن شۇغۇللانمايدىغان فەقىھنى تاياق بىلەن ئۇرغان بولاتتىم»دېگەنىكەن.

## 2. سۈننەت دەۋەت ۋە كۆرسەتمە ساھەسىدە:

سۈننەت- قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا- قۇرىماس بۇلاق ۋە تۈگىمەس خەزىنە. دەۋەتچى، تەربىيىچى ئۇستاز ۋە يېتەكچىلەر سۈننەتتىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالايدۇ. سۈننەت ئىستىلنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە نەپسىنى تازىلاشتا مەنبە ئىكەنلىكى بىرلىككە كەلگەن مەسىلە. شۇنداقلا سۈننەت قانۇن- ھۆكۈم چىقىرىش، ئىبادەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرىنى چۈشىنىشنىڭ مەنبەسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاق ئالىملىرى، روھى تەربىيە ئەربابلىرى، دەسلەپكى تەسەۋۋۇپ شەيخلىرى ۋە مۆتىۋەر ئالىملار ئەدىبىيە، ئىبادەت ۋە ئىستىلدا سۈننەتكە ئېسىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

تەسەۋۋۇپ پېشۋاسى ئىمام جۇنەيد:"رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئەگەشمىگەن كىشىنىڭ يولى توساقتۇر: دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر ۋە دەۋەتچىلەر-پىقھىشۇناسلار مۇھتاج بولغىنىدەك- سۈننەتكە مۇھتاجدۇر.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، قايسى بىر ئورۇندا ھەدىسنى پاكىت ئورنىدا ئىشلەتكەندە ئىشەنچىلىك مەنبەلەرگە تايىنىشى، بەك ئاجىز، ئويدۇرما ۋە مۇنكەر ھەدىسلەردىن يىراق بولۇشى لازىم.

سەھىھ ھەدىسلەر شۇنداق كۆپ تۇرسىمۇ بەك ئاجىز ۋە مۇنكەر ھەدىسلەرنى پاكىت قىلىپ خۇتبە ۋە ۋەز-نەسىھەت سۆزلەيدىغانلار ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ دەۋەتچىلەرنىڭ چوڭ ئاپىتىدۇر.

**3.تەرغىب ۋە تەرھىب(قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش) ساھەسىدە ئاجىز ھەدىسلەرنى بايان قىلىش توغرىسىدا:**

شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاجىز ھەدىسلەر پەقەت پەزىلەتلىك ئەمەللەر ۋە قەلبىنى يۇمشىتىدىغان ساھەدە قوبۇل قىلىش جايىز (يەنى ۋاجىپ ئەمەس). ئاجىز ھەدىس ھالال، ھارام، مەكروھ، پەرز- ۋاجىپ ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ساھەلەردە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

سەھىھ ھەدىسلەر تېپىلمىغاندا پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن ئىشلىتىش جايىز، سەھىھ ھەدىس بولىدىكەن، ئاجىز ھەدىسلەرنى ئىستىمال قىلماسلىق لازىم.

## بايان قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتلەر

(1). ئاجىز ھەدىسنى ئىستىمال قىلغاندا (ئاجىز ھەدىس) دەپ ھۆكمىنى بايان قىلىپ قويۇش ۋاجىپ.

(2). ئاجىز ھەدىسنىڭ ئۈچ شەرتىگە رىئايە قىلىش لازىم:

بىرىنچى: ھەدىس بەك ئاجىز بولماسلىق.

ئىككىنچى: ئومۇمىي ئاساسنىڭ ئاستىغا كىرىشى لازىم. يەنى ھەدىسنىڭ ئەسلىسى يوق بولماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى: ئاجىز ھەدىسكە ئەمەل قىلغاندا، ئاجىز ھەدىسنى ئىشەنچىلىك ھەدىس دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق لازىم، سەۋەبى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن بولۇپ قالسا رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

(3).ئاجىز ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن دەپ كەسكىن شەكىلدە دېمەسلىك لازىم. مۇھەددىس ئىبنى سالاھ: ئاجىز ھەدىسنى رىۋايەت قىلماقچى بولسىڭىز: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن دېگەندەك كەسكىن سۆز بىلەن ئىپادىلىمەڭ. بۇ ھالەتتە: رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ياكى بىزگە مۇنداق يېتىپ كەلدى... دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسىڭىز بولىدۇ... بۇ كۆز قاراشقا ئىمام نەۋەۋى، ئىبنى كەسىر، ھافىز ئىراقىي ۋە ئىبنى ھەجەر قوشۇلغان.

(4). بىر تېمىدا بىر ياكى بىردىن كۆپ سەھىھ ھەدىس بولسا، شۇنداقلا بىر ياكى بىردىن كۆپ ئاجىز ھەدىسمۇ بولسا، ئۇ چاغدا ئاجىز ھەدىسدىن بىھاجەت بولماق لازىم. بولمىسا سەھىھ ھەدىسلەر تارقالماي ئاجىز ھەدىسلەر تارقىلىپ كېتىدۇ...

(5).ئاجىز ھەدىسلەرنى تەرغىب ۋە تەرھىب ساھەسىدە ئىشلەتكەندە ئاجىز ھەدىسلەرنىڭ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىز ھەدىسنى ئۇز ئورنىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بولمىسا شەرىئەت ئەمەل ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە قويۇپ بەرگەن نىسبەت ئۆلچىمى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ساۋاب ياكى جازا بىلەن ۋەدە قىلىنىدىغان ساھەلەردە ئىشنى بەك چوڭقايتىۋەتمەي ياكى ئورنىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي ئۆز ئورنىدا قويۇش لازىم. كىچىك ئىشلارغا چوڭ ساۋاب، چوڭ ئىشلارغا كىچىك ساۋاب بەلگىلەش توغرا ئەمەس.

(6).شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالەتتە ئاجىز ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشنى جايىز دېگەن ئالىملار ھەدىسنىڭ رىۋايەتچىلىرىدە بىر ئاز سەل قاراش مەۋجۇد. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ياخشى ئىشلارغا كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ياكى-يامانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان- شەرئى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان يامان ئەمەللەردىن توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاجىز ھەدىس بىلەن ئەمەلنىڭ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلمىغان...

شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى ياكى ئاشۇرا كۈننى بايرام قىلىۋېلىش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر سەھىھ ئەمەس...

(7).ئاجىز ھەدىس ئەقىل ياكى شەرئەت ياكى تىل رەت قىلىدىغان دەرىجىدە مۇبالىغلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىق لازىم.

(8). ئاجىز ھەدىس كۈچلۈك شەرئى دەلىلگە قارشى تۇرماسلىقى كېرەك.

## (5)

## سۈننەتنى ياخشى چۈشىنىشتىكى بەلگە ۋە قائىدىلەر

### 1. سۈننەتنى قۇرئان كەرىم چۈشەنچىسى ئاستىدا چۈشىنىش:

**1.سۈننەتنى توغرا چۈشىنىشىڭىز ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ سايىسى ۋە كۆرسەتمىسى ئاستىدا چۈشىنىش لازىم.**

قۇرئان كەرىم ئىسلامنىڭ روھى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى، ئۇ بارلىق قانۇنلارنىڭ ئانىسى مەنبەسى بولغان ئاساسىي قانۇن ئورنىدا.

سۈننەت بولسا قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلىغۇچىدۇر، سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ نەزەرىيىۋى بايانى ۋە ئەمەلىي تەتبىقلىنىشىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە قۇرئاننى ئىزاھلاپ بېرىشتۇر.

سەھىھ سۈننەت قۇرئان كەرىمگە زىت كەلمەيدۇ، ئەگەر زىت كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا سۈننەت سەھىھ ئەمەس، ياكى چۈشەنچىمىز توغرا ئەمەس.

مەسىلەن:"ئاياللار بىلەن مەسلىھەتلىشىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىڭلار" دېگەن ھەدىس يالغان ھەدىستۇر. چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ:«ئەگەر ئاتا-ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 233- بەت).

ئەگەر بىر ھەدىستە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىر قانچە خىل بولسا، قايسى كۆز قاراش قۇرئاننىڭ روھىغا يېقىنراق بولسا شۇ توغرا بولىدۇ.

مەسىلەن، ئەبۇداۋۇدنىڭ:"كۆمگۈچى ئايال ۋە كۆمۈلگۈچى قىز دوزاختا بولىدۇ"دېگەن ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلغان كىشى، بۇ ھەدىسنىڭ قۇرئان ئايىتىگە زىت كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. كۆمگۈچى ئاپىسىغۇ دوزاختا بولسۇن، كۆمۈلگۈچى قىزنىڭ جىنايىتى نېمە؟ كۆمۈلگەن قىزمۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىش ئالالاھنىڭ :«تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا» (تەكۋىر سۈرىسى، 8- 9- ئايەتلەر) دېگەن سۆزىگە قارشى كېلىدۇ.

لېكىن بىر ھەدىس قۇرئانغا زىت كېلىدۇ، دەيدىكەنمىز كۈچلۈك پاكىت بولۇشى كېرەك، توغرا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلمىغان كۆز قاراش قوبۇل قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن،رەسۇلۇللاھنىڭ قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسنى قۇرئانغا زىت كېلىدۇ، دەپ ئىنكار قىلىش ئېغىر خاتالىقتۇر ۋە ئايەتنى خاتا چۈشەنگەنلىكتۇر.

## 2.بىر تېمىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ تەھلىل قىلىپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىش

سۈننەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن بىر تېمىدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، مۇتەشابىھ(بىر قانچە خىل ئېھتىماللىقى بار)نى مۇھكەم (كۆرسەتمىسى ئېنىق)گە، مۇتلەق (چەكلىمىسىز كەلگەن سۆز)نى مۇقەييەد (چەكلىمىلىك كەلگەن سۆز)گە قايتۇرۇپ، ئام (ئومۇمىي سۆز)نى خاس سۆز بىلەن ئىزاھلىماق لازىم. شۇ چاغدا ھەدىسنىڭ مەنىسى

رۇشەنلىشىدۇ ۋە بىر بىرسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. سۈننەتمۇ بىر بىرسىنى ئىزاھلاپ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسىلەن،ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى مىسالغا ئېلىپ، مۇشۇ تېمىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامنىڭ-ئادەتتىكى-ھايات ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىپ نەزەر تاشلىساق بۇ ھەدىستىكى مەقسەت روشەنلىشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ:«ئىشتاننىڭ ھوشۇقتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى جەھەننەمدە بولىدۇ» دېگەن، (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ:«كىم مۇتەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىمىنى سۆرىتىپ ئۇزۇن كىيسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى قارىمايدۇ»دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«بىر كۈنى كۈن تۇتۇلۇپ قالدى، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇ كىيىمنى سۆرەپ ئالدىرىغان ھالدا، مەسچىتكە كەلدى...» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن:«كىم يوغانچىلىقنى مەقسەت قىلىپ، كىيىمىنى سۆرىتىپ يۈرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، بۇ تېمىدىكى ھەدىسلەردىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، كىم كىبىرلىك قىلىش مەقسىتىدە كىيىمنى سۆرىتىپ ئۇزۇن كىيسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ئەمما كىبىرنى مەقسەت قىلمىغان ھالەتتە كىيىمى ئۇزۇن بولسا ئۇ چاغدا گۇناھ بولمايدۇ، دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ.

بىر ھەدىسنىڭ زاھىرىغا قاراپ، مۇشۇ تېمىدىكى باشقا ھەدىسلەرگە قارىماسلىق كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خاتالىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، توغرا يولدىن ۋە ھەدىسنىڭ كېلىش مەقسىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

## 3.ئوخشىمىغان ھەدىسلەر ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش ياكى كۆچلەندۈرۈش

ئەسلىدە شەرئى ھۆججەتلەر بىر بىرى بىلەن زىتلاشمايدۇ، چۈنكى ھەقىقەت ھەقىقەتكە قارشى كەلمەيدۇ. ئەگەر ھەدىسلەر ئارىسىدا زىتلىق بار دېيىلىپ قارالسا، ئۇ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئەمەس، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكى زىتلىقتۇر.

ئەگەر ئىككى ھەدىس زاھىرىدا بىر بىرىگە زىتلىشىپ قالسا ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق زىتلىقنى يوقۇتۇش لازىم. بىرلەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇش بىر ھەدىسنى يەنە بىرسىدىن كۈچلەندۈرۈشتىن ياخشىراق. چۈنكى كۈچلەندۈرۈش دېگەنلىك بىر ھەدىسنى ئېلىپ يەنە بىرسىگە سەل قاراش دېگەنلىك بولىدۇ.دېمەك، زاھىرىي زىت ئىككى سەھىھ ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇ كۈچلەندۈرگەندىن ئەۋزەل. ئەگەر بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ چاغدا ئىككى ھەدىسنى بىر بىرسىدىن كۈچلەندۈرسەك بولىدۇ. مانا بۇ ھەدىسنى چۈشىنىشتىكى ۋە ھەدىسلەر ئارىسىدىكى زىتلىقنى يوقۇتۇشتىكى توغرا ئۇسۇلدۇر.

ئەگەر ھەدىسنىڭ بىرسى سەھىھ يەنە بىرسى ئاجىز بولسا ئۇ چاغدا سەھىھ ھەدىس قوبۇل قىلىنىدۇ...

مەسىلەن، مۇھەققىق ئالىملار  ئۇمۇ سەلىمىنىڭ ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان:«سىللى ئىككىڭلىمۇ قارىغۇمۇ؟» دېگەن ھەدىسىنى فاتىمە بىنت قەيسىنىڭ ھەدىسى بىلەن قايتۇرغان، ھەر ئىككىلىسى سەھىھ ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ ئىككى ئايالىغا:«ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇمدىن پەردىلىنىڭلار»دېگەن(ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ھەدىسشۇناس ئىمام زەھەبى بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدىكى (نەبھان) دېگەن كىشى (مەجھۇل) شەخس دېگەن.

بۇ ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى سەھىھ ھەدىسكە زىت كېلىدۇ، ھەزرىتى ئائىشە«مەن ھەبەشلىكلەرنىڭ مەسجىدتىكى ئويۇنىنى كۆردۇم، رەسۇلۇللاھ مېنى يېپىنچا كىيىمى بىلەن توسۇپ تۇراتتى» دېگەن.

يەنە بۇخارى رىۋايەت قىلغان فاتىمە بىنت قەيسىنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا:«سەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتقىن، ئۇ قارىغۇ ئادەم، كىيىمىڭنى سالغان ۋاقتىڭدا ئۇ كۆرمەيدۇ» دېگەن.ئۇنداقتا ئۇمۇ سەلىمىنىڭ ئاجىز ھەدىسى بۇ سەھىھ ھەدىسلەرگە قارشى تۇرالمايدۇ.

## 4.ھەدىسلەرنى كېلىش سەۋەبلىرى، شارائىتلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا چۈشىنىش

سۈننەتنى ياخشى چۈشىنىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى: ھەدىسلەرنىڭ نېمە سەۋەبلەردىن كەلگەنلىكى ياكى مۇئەييەن ئىللەتكە باغلانغانلىقىغا قاراش لازىم.

چوڭقۇر نەزەر تاشلىغان كىشى بەزى ھەدىسنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنى رېئاللىقتا ئاشۇرۇش ياكى مۇئەييەن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئەمەلىي بار بولغان بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خاس ۋاقىتلىق شارائىتتا رېئايە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ مەسىلە چوڭقۇر چۈشەنچە، ئىنچىكە نەزەر، ھۆججەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى شىجائەت ۋە ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدىغان مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن ھېس قىلىشقا مۇھتاج.

ھەدىسنى ياخشى ۋە ساغلام چۈشىنىش ئۈچۈن ھەدىسنىڭ كېلىش شارائىتىنى تەتقىق قىلىش لازىم، شۇ چاغدا ھەدىستىكى مەقسەت روشەن ئاشكارا بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلىش تەلەپ قىلىنغاندەك، ھەدىسنىڭمۇ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم خاراكتېرى بىلەن مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇ تارماق مەسىلىلەرنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، سۈننەت بولسا بۇ پرىنسىپال مەسىلىلەرنى شەرھلەيدۇ... سۈننەت بولسا كۆپىنچە تېما خاراكتېرلىك ۋە ۋاقىتلىق تارماق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەتتىكى ئام، خاس، ۋاقىتلىق ۋە مەڭگۈلۈك، ئومۇمى ۋە تارماق تەرەپلىرىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، چۈنكى ھەر بىرسىنىڭ ئايرىم ھۆكمى بار. ھەدىسنىڭ كېلىش سىياقى، سەۋەبى ۋە شارائىتلىرىغا قاراش توغرا چۈشەنچىگە ۋە توغرا يولدا ياشاشقا ياردەم بېرىدۇ.

مەسـىـلەن، رەسـۇلـۇللاھ:«مەن مۇشـرىكلارنىڭ ئارىسـىدا ياشـايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بىزار» دېگەن( ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بەزىلەر بۇ ھەدىسكە ئاساسەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىدا تۇرۇش ھارام دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ دەۋردە بىلىم ئېلىش، داۋالىنىش، خىزمەت قىلىش، تىجارەت، دىپلوماتىيە خىزمىتى، زۇلۇمدىن قېچىش...دېگەندەك تۈرلۈك ئېهتىياجلار بار.

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋردە مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشى ۋاجىپ ئىدى، ھەدىس شۇ توغرۇلۇق كەلگەن.

ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىنىڭ بۇ ھەدىسى (مۇرسەل) ھەدىس. ئۇسۇلى فىقھىدا مۇرسەل ھەدىس بىلەن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە ئىختىلاپ بار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە:«رەسۇلۇللاھ خەسئەم قەبىلىسىگە بىر قوشۇن ئەۋەتكەن، بىر بۆلۈك كىشىلەر سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇۋالغان(يەنى ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقىنى شۇنداق ئىپادىلىگەن) رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالىدۇ. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن يېرىم كىشىلىك تۆلەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە مەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بىزار» دېگەن.

دېمەك، مۇسۇلمانلىقى بىلىنمەي ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئىدى.

**5. ھەدىسنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاستىسى بىلەن ئۆزگەرمەس نىشانىنى ئايرىش كېرەك**

بەزى كىشلەر سۈننەت ئەمەلىلەشتۈرمەكچى بولغان مەقسەت ۋە نىشان بىلەن ۋاستىلارنى ئارىلاشتۇرۋېتىدۇ. ئۇلار مەقسەتنى قويۇپ، ۋاقىتلىق ۋە مۇھىت خاراكتېرىدىكى ۋاستىغا مەركەزلىشىۋالىدۇ. مۇھىت، دەۋر، ئۆرپ ئادەت ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاستىنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، بەلكى ھەدىسنىڭ مۇقىم ئۆزگەرمەس نىشانى مەقسەتتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ تىبابەت توغرۇلۇق دېگەن ھەدىسگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار رەسۇلۇللاھ بەزى كېسەللىكلەرگە سۈپەتلەپ بەرگەن بەزى نەرسىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ:«سۈرمە ئىشلىتىڭلار، ئۇ كۆزنى روشەنلەشتۇرىدۇ ۋە چاچ ئۈندۈرىدۇ» دېگەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە :«قارا سىيادانىنى ئىستىمال قىلىڭلار، ئۇ ئۆلۈمدىن باشقا ھەر قانداق كېسەلگە شىپادۇر» دېگەن. (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

بۇ رىتسىپلار رەسۇلۇللاھنىڭ تىبابەت روھى بولمىسا كېرەك. بەلكى ھەدىسلەرنىڭ ھەقىقى روھى سالامەتلىكنى ئاسراڭلار، بەدەنىنىڭ سالامەت بولىشىغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار... ھەر بىر كېسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ، كېسەلنى باشقىلاردىن ئايرىۋېتىش يوللۇق، داۋالاشتىن ئىلگىرى ساقلىنىشنى ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار. مەس قىلغۇچى ياكى روھسىزلاندۇرغۇچى ھەر قانداق ئىچىملىك ياكى يېمەكلىكنى ئىستىمال قىلىش چەكلىنىدۇ. داۋالىنىش تەۋەككۇل قىلىش ۋە تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە زىت كەلمەيدۇ... دېمەكچى بولسا كېرەك.

چۈنكى ۋاسىتىلەر بىر دەۋرىدىن يەنە بىر دەۋرىگە، بىر مۇھىتتىن يەنە بىر مۇھىتقا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەدىس شەرىپ بولسا شۇ چاغدىكى ھاياتنىڭ ئەمەلىي بايانىدۇر.

قۇرئانغا قارايدىغان بولساق، مۇئەييەن ئورۇن ۋە مۇئەييەن زامانغا مۇناسىپ ۋاسىتە تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بىر ۋاسىتىدا قېتىپ تۇرۇۋېلىپ، زاماننىڭ ۋە ماكاننىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان باشقا ۋاسىتىلارنى ئىزدەنمەسلىك توغرا ئەمەس.

ئاللاھ قۇرئاندا:«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر» (ئەنفال سۈرىسى، 60- ئايەت)دېگەن.

دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش پەقەت ئات بىلەن بولىدۇ، دەپ ھېچ بىر كىشى دېمىدى. تىل ۋە شەرىئەتنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى: بۈگۈنكى ئاتلار ئايرۇپىلان... دەپ چۈشىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ:«مىسۋاك ئىشلىتىش ئېغىزنى پاكلايدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىدۇ» دېگەن (بۇخارى، ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

مىسۋاكتىن مەقسەت مۇئەييەن ئەراك ياغىچىدىن ياسالغان نەرسە مەقسەتمۇ ياكى ئېغىزنى پاكىزلايدىغان ھەر قانداق نەرسە مىسۋاك بولالامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەرەب دىيارلىرىدا تېپىلىدىغان، مەقسەتنى ھاسىل قىلىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەراك ياغىچىنىڭ مىسۋاكلىرى مۇسۇلمان ياشايدىغان دىيارلىرىنىڭ ھەممىسىدە تېپىلمايدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى

كۆندە بۇ ۋاستىتە ئۆزگىرىپ چىش پاستىسى ئىستىمال قىلىنسا، مىسۋاكنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

## 6.ھەدىسنى چۈشىنىشتە ھەقىقەت بىلەن ماجازنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش لازىم

ئەرەب تىلىدا مەجاز (كۆچمە مەنە) دەيدىغان بىر قائىدە بار، ئۇ بالاغەت ئىلمىدە مۇقەررەر بولغاندەك ھەقىقەتتىن كۆچلۈكرەك ئىپادىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ ماجازنىڭ بولىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس...

رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىغا:«سىلەرنىڭ ماڭا تىز ئۇلىشىدىغىنىڭلار قولى ئۇزۇن بولغىنى»دېگەن(بۇخارى). رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ھەدىستىكى قولى ئۇزۇن دېگەننى ھەقىقى قول مەنىسىدە ئېلىپ قايسىنىڭ قولى ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە باشلىغان. رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ھەقىقى قولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى مەقسەت قىلمىغان، خەير ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق قىلىشتا كىم كۆپ قىلىدۇ، دېگەننى مەقسەت قىلغان ئىدى.

بۇنداق مىساللار سۈننەتتە بولغاندەك قۇرئاندىمۇ بار:«تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 187- ئايەت).

رەسۇلۇللاھنىڭ:«جەننەت ئانىلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا»دېگەن ھەدىسىمۇ مەجاز خاراكتېرىدىكى ھەدىس. مەجاز بويىچە چۈشىنىمىز.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلىتىش لازىمكى، ھەدىسلەرنى قائىدىسىز تەۋىل قىلىپ، زاھىرىدىن چىقىرىۋېتىش خەتەرلىك مەسىلە. ئەقىل ياكى نەقىل تەقەززا قىلمىسا ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ...

## 7. غەيبى مەسىلە بىلەن مەۋجۇدىيەت ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش

سۈننەت پەرىشتە، ئەرش، لەۋھۇل مەھفۇز، مىزان، بۈيۈك شاپائەت، قەبرە ئازابى ياكى نېمىتى، جىن ۋە ئىبلىسقا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان غەيبى تېمىلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ غەيبىلارنىڭ بەزىسى ئۆلگەندىن كېيىنكى بەرزەخ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك، (يەنى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھايات) يەنە بەزىسى قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار.

بۇ مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان، سۈننەت تەپسىلى كەڭرى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقاد مەسىلىلىرى توغرۇلۇق ھەدىس كەلگەندە سەھىھ ھەدىسلەرنى ئاساس قىلماق لازىم.

مۇسۇلمان كىشى سەھىھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان نەرسە بولسا تەسلىم بولۇشى، ئەقلىم قوبۇل قىلمىدى، دېگەن باھانە بىلەن قايتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.چۈنكى بەزى مەسىلىلەردە ئەقىل بىر ئاز ھەيران بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەقىل مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىمايدۇ.

يەنى سەھىھ ھەدىس ئىسپاتلىغان غەيبى مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس. ئېتىقاد مەسىللىرىدە غەيبى مەسىلىنى مەۋجۇدىيەتكە قىياس قىلىش توغرا بولمايدۇ. ھەر بىر دۇنيانىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ.

## 8. ھەدىس سۆزلىرىنىڭ ئۇقۇمىنى تەكىتلەش لازىم:

سۈننەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ھەدىستىكى سۆزلەرنىڭ ئۇقۇمىنى تەكىتلەش لازىم، چۈنكى سۆزنىڭ ئۇقۇمى بىر دەۋرىدىن يەنە بىر دەۋرىگە، بىر مۇھىتتىن يەنە بىر مۇھىتقا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلە تىل تەتقىقاتچىلىرى،زامان ۋە ماكانىنىڭ تەسىرىنى ئىزدەنگۈچىلەرگە ئېنىق مەسىلە.

ھۆججەتلەرنى يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈشتىن ئاگاھ بولۇش كېرەك. بەزىدە كىشىلەر مۇئەييەن مەنە ئۈچۈن مۇئەييەن سۆزنى قوللىنىدۇ، ئاتالغۇدا ئىختىلاپ يوق، لېكىن سۈننەتتە كەلگەن سۆزلەرنى ئۇقۇم بىرلىكى بولمىسا يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈش خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەسىلەن:تەسۋىر(سۈرەتكە تارتىش دېگەن سۆز):«سۈرەتكە تارتىش» دېگەن سۆزنى ئالساق، ھەدىس ۋە پىقھى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپلىگەن كىشىلەر ھەدىستىكى سۈرەت سۆزىنى ھازىرقى زامانىدىكى (ئاپىرات ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىش) مەنىسىدە ئىستىمال قىلىدۇ.

ئەرەپلەر«تەسۋىر»دېگەن ئاتالغۇنى ئىستىمال قىلغاندا بۈگۈنكى دەۋرىدىكى سۈرەتكە تارتىش مەنىسىنى مەقسەت قىلمىغان، چۈنكى بۈگۈنكى سۈرەتكە تارتىش ئۇسۇلى، ئۇ زامانلاردا يوق ئىدى.

بۇ ئاتالغۇ يېڭىدىن قويۇلغان ئاتالغۇدۇر. مەسىلەن، ھىجاز ئەللىرىدىكى كىشىلەر سۈرەتكە تارتقۇچىنى (ئۇككاس) سۈرەتكە چۈشۈشنى(ئەكس) دەپمۇ ئاتايدۇ. دېمەك، بۇ يېڭى ئاتالغۇنى نېمە دەپ ئاتىسا بولىۋېرىدۇ.

«سۈرەتكە تارتىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ لۇغەت ۋە شەرئى تەرەپتىن قويۇلغان ئەمەس. يېڭىدىن پەيدا بولغان ئاتالغۇدىن ئىبارەت.

## ئومۇمى ھۆكۈم بەلگىلەيدىغان سۈننەتلەر ۋە ھۆكۈم بەلگىلىمەيدىغان سۈننەتلەر

**-1-**

ئاللاھ قۇرئاندا:«شۇنىڭدەك(يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك)كىشىلەرگە(يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۈممەت قىلدۇق» دەيدۇ (بەقەرە، 143-ئايەت)

ئىسلام ئۈممىتىدىن باشقا ھېچبىر ئۈممەت تەڭپۇڭلۇق ۋە ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتى بىلەن سۈپەتلەنمىدى، تەڭپۇڭلۇق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشتىن ساقلىغۇچى مۇھىم ئامىلدۇر.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا قۇرئان كەرىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى بەردى، ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن:«بىلىپ قويۇڭلار، ماڭا قۇرئان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىلدى. كەلگۈسىدە قورسىقى تويغان ئادەملەردىن بىرەسى ساپادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ: سىلەر قۇرئاننى تۇتۇپ مېڭىڭلار، قۇرئاندا ھالال بولغىنىنى ھالال دەڭلار، قۇرئاندا ھارام بولغىنىنى ھارام دەڭلار دېيىشى مۇمكىن. بىلىپ قويۇڭلاركى رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسىمۇ ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش»(ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

سۈننەت:رەسۇلۇللاھدىن نەقىل قىلىنغان سۆز ياكى ئىش ھەرىكەت ياكى تەستىقلاش ياكى سۈپەتتىن ئىبارەت. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى قۇرئان كەرىم بىلەن بىرلىكتە ئىسلام ئۈممىتىنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغۇچى ۋە ھىمايە قىلغۇچىدۇر. رەسۇلۇللاھ:«مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككى نەرسىگە چىڭ ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر، ئۇ ئىككى نەرسە:ئاللاھنىڭ كىتاۋى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»دېگەن.(ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن).

قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئىسلام دىنىنىڭ قانۇني مەنبەسى، قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن ئايرىلمايدۇ، سۈننەتمۇ قۇرئان كەرىمدىن ئايرىلمايدۇ. سۈننەتنى قۇرئان كەرىمدىن ئايرىۋېتىش ئازغۇنلۇق ۋە ئىسلامغا قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر.

قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئېسىلىش ھىدايەت يولىدۇر. مۇجتەھىد ئىمام شەۋكانى ھىدايەت يولىنى سۈپەتلەپ:«چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئارىسىدىكى يولدۇر»دەيدۇ.(شەۋكانى "ئىرشادۇل فۇھۇل"، 38-بېتىگە قاراڭ).

ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىكى سەۋەب چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش كېسىلىنىڭ بىرسىگە يولۇققانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (يەنى يەھۇدىلار) چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، ئاللاھ يەھۇدىلارغا بىر كالا قۇربانلىق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇغاندا، يەھۇدىلار ئاللاھدىن كالىنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ بېرىشنى تەكرار- تەكرار تەلەپ قىلىشتى، كالا دېگەندىكىن قانداق كالىدىن بىرنى بوغۇزلىغان بولسا ئىش تۈگىگەن بولاتتى، لېكىن ئۇلار مەسخىرە سۈپىتىدە

تەكرار سوراۋېرىپ قۇربانلىق قىلالمىغىلى تاس قالدى.(بەقەرە سۈرىسى، 67-71-ئايەتكىچە قاراڭ).

ئۇلار سەل قاراپ "سامىرى" ياساپ بەرگەن ئالتۇن موزاينى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىلاھى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى دەپ گۇمان قىلىشتى، شۇڭا ئۇ موزايغا ئىبادەت قىلىشتى ۋە هارۇنغا:«مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنىۋېرىمىز» دېيىشتى(تاها سۈرىسى،91-ئايەت).

يەھۇدىلار بىرىنچى قىلمىشىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتى، ئىككىنچىسىدە ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىدىغان مەسىلىسىدە سەل قاراشتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىدىغان ئىنجىلدىكى ئىسانىڭ:"مەن مۇسانىڭ شەرىئىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن كەلمىدىم، بەلكى ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم"دېگەن سۆزىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتى. يۇقىرىقى سۆزنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولىشى يىراق ئەمەس، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ سۆزىنى ھىكايە قىلىپ:«مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان هالدا (كەلدىم)»دەيدۇ.(ئال ئىمران سۈرىسى،50-ئايەت).

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىلارغا كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر، دىنى رەئىس ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھاكىم ئىدى، ئىسا ئەلەيھىسسالام شۇنى تولۇقلىماقچى ۋە تەكىتلىمەكچى ئىدى.لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى چېركاۋنى خرىستىيان دىنى كىرگەن شەھەرلەردىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى كونترول قىلغۇچى قىلىپ قويۇشتى... شۇنىڭغا ئەگىشىپ تارىختا تونۇلغان"تەپتىش مەھكىمىسى" ۋە

"مەغپىرەت چاكلىرى"، ئالىملارنى ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغانلارنى ئىزىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى... ئاندىن ئۇلار ئۇ ئىشلىرىنىڭ نورمالسىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن مەسىھ (ھەزرىتى ئىسا) گە نىسبەت بېرىلىدىغان:"قەيسەر(پادىشاھ)گە تەۋەنى قەيسەرگە بەر، ئاللاھقا تەۋەنى ئاللاھقا بەر"دېگەن سۆزنى چۈشىنىشتە سەل قاراشتى ۋە كەمچىللىك ئۆتكۈزۈشتى. شۇڭا ئۇلار دىننى دۆلەت سىياسىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم دەپ قاراشتى... دىننىڭ ۋەزىپىسىنى شەخسلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە يول كۆرسىتىشكىلا چەكلەپ قويۇشتى... شۇ سەۋەبلىك بۇگۈن بىز كۆرۈۋاتقان ئاتېئىزم ئېقىملىرى، ئەخلاقنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا رولىنى ئىجرا قىلىشتىن ئاجىز كېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

ئاللاھقا يەككە-يېگانە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ھەق يولنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىدايەت قىلىش ۋە كۆرسەتمە بېرىش ۋەزىپىسى بار. شۇڭا ئۇلار ئەقىدە ۋە ئەمەلدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتتە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش دائىرىسىدە توختىنىشى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئېھتىمالدىن ئارتۇق ئىزاھلىماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا دەلىل پاكىتلارنى ئۆز ھەقىقىتىدىن بۇرمىلىماسلىقى لازىم، بولمىسا ئەمەل قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بەزى مەسىلىلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇپ: ئۇ(يەنى رەسۇلۇللاھ) ئاللاھنىڭ بىرىنچى خەلقى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەرشىنىڭ نۇرى، لەۋھۇل مەھپۇزنىڭ ئىلمى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشتى. بۇ

چېكىدىن ئاشۇرۇلغان قاراشتۇر، چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىم كۆرسەتمىسىگە پۈتۈنلەي زىت.

بەزىلەر رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى - پەرقلەندۈرمەستىن-قىلمىسا بولمايدىغان ئۆزگەرمەس ئومۇمى دىن ياكى ھەر دەۋر ۋە ھەر ئورۇن ئۈچۈن ئەبەدىيلىك قانۇندۇر، دەپ قاراشتى.

رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزگۈچى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى بايان قىلىپ بەرگۈچى، شۇڭا رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا ۋە قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى پەيغەمبەرلىك بىلەن ئىنسانلىقنى، يېتەكچىلىك بىلەن ئاتىلىق ۋە تەبىئىي ھاياتنى بىرلەشتۈرگەن. ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەت قاتارىغا كىرمەيدۇ.

بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىجتىھاتىنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەسۇم(يەنى خاتالىقتىن خالى)، لېكىن قانداق رەۋىشتە سادىر بولغان؟ رەسۇلۇللاھ دىنىنى يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەر، مۇسۇلمانلارنىڭ رەئىسى، قازى، مۇپتى، ئىسلاھاتچى، مۇئەللىم ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تەبىئىي ھاياتتا ياشىغۇچى زات. ئۇنداقتا سۈننەتنىڭ بۇ تۈرلىرىنى كىم ئايرىپ بېرىدۇ؟

جاۋاب:مۇجتەھىد، فەقىھ ئالىملارلا ئايرىپ بېرىدۇ. ھەدىسشۇناس ياكى فەقىھ ياكى مۇجتەھىد ياكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بولمىغان ئادەملەرنىڭ بۇ ساھەگە كىرىپ قالايمىقان سۆزلىشى ھالال بولمايدۇ.

سۈننەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ تارماق مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار ئاز بىر قىسمى ھۆكۈم چىقىرىشقا

ئالاقىدار ئەمەس. دۇنيالىق ئىشلارنىڭ پرىنسىپال مەسىلىلىرى ۋە ئاساسلىق قائىدىلىرى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتتە بايان قىلىنغان. بۇ تۈردىكى پرىنسىپال ئۆزگەرمەس مەسىلىلەر ئىجتىهاد دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

(1)

## سۈننەتنىڭ  ھۆكۈم بەلگىلەش تەرەپتىكى تۈرلىرى

سۈننەت:«رەسۇلۇللاھدىن نەقىل قىلىنغان سۆز ياكى ئىش ھەرىكەت ياكى تەستىقلاش ياكى سۈپەت(يەنى تەرجىمىھالى)» بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى قانۇن چىقىرىش جەھەتىدىن ياكى ئىسلامنىڭ قانۇن چىقىرىش مەنبەسى ئېتىبارى بىلەن بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

سۈننەت ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەتلەر ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان سۈننەتلەر دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

**بىرىنچى:** ئومۇمى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەتلەر: غەيبى ئىشلار، ئەقىل ھېس قىلالمايدىغان ئىشلار ۋە دۇنيالىق ئۆزگەرمەس ئىشلارغا ئالاقىدار سۈننەتلەردۇر. بۇ تۈردىكى سۈننەت رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئالاقىدار سۆز-ھەرىكەتلىرى، دىن ۋە ۋەھىينى يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار رەسۇلۇللاھنىڭ پەتىۋالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا دۇنيالىق ئۆزگەرمەيدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تۈردىكى سۈننەتلەرگە ئىتائەت قىلىش پەرز ۋە لازىم.

**ئىككىنچى:** ئومۇمى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان سۈننەتلەر: سىياسەت، جەڭ، ئىقتىسادقا ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنيالىق تارماق

ئىشلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھاتىغا ئالاقىدار بولغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسلىكىگە ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ تالاش-تارتىشلاردىكى ھۆكۈملىرىگە ئالاقىدار سۈننەتلەر . بۇ تۈردىكى سۈننەتلەردە ئەتائەت قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، مەنپەئەتكە باغلىق بولىدۇ، مەنپەئەت قولغا كەلسە ئەمەل قىلىنىدۇ، مەنپەئەت قولغا كەلمىسە ئىجتىھاد قىلىنىدۇ.

"ھۆججەتۇللاھ بالىغە"ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى"ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋى"رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئىككى تۈرگە بۆلۈپ مۇنداق تونۇشتۇرغان:

1.رىسالەت(يەنى دىنىي) يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار سۈننەت، بۇ توغرىدا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى بار:«پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»، (ھەشىر سۈرىسى، 7-ئايەت).

2. رىسالەتنى يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار بولمىغان قىسمى، ئۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى كەلگەن:«مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ئەگەر مەن سىلەرنى دىنىڭلاردىن بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام ئۇنى ئېلىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى ئۆز پىكرىمدىن بىر ئىشقا بۇيرۇسام مەنمۇ ئىنسان..»(مۇسلىم رىۋايىتى)

رەسۇلۇللاھ:«مەن بىر ئىنسان، دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر»دېگەن ھەدىس خورما دەرىخىنى ئۇلاش توغرىسىدا دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ مەسىلىدە مېنىڭ خورما دەرىخىگە ئالاقىدار ئىشلاردا تەجرىبەم يوق ياكى مەن زىرائەت ئىشلىرىنى ياخشى بىلىپ كەتمەيمەن دېسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان ئومۇمىي سۆزنى ئىشلەتكەن. بۇ ھەدىسى ئارقىلىق پارچە مەسىلىلەرگە "ئومۇمى قائىدە"بەلگىلەپ بەرگەن،يەنى دۇنيا ئىشلىرىدىن قايسى بىر ئىشتا ۋەھيي كەلمىگەن بولسا، بۇ ئىش تەجرىبە ۋە مەنپەئەتكە بويسۇنىدۇ.رەسۇلۇللاھنىڭ جاۋابى خورما دەرىخىنى ئۇلاش بىلەن

چەكلىنىپ قالماستىن، قۇرئان ياكى سۈننەتتە ۋەھيي كەلمىگەن بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىمام دېھلەۋى سۈننەتنى چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مەسىلىسىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىدا ئەمەس، ئادەت خاراكتېرى بىلەن قىلغان ئىشلىرى قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان تۈرگە مىسال بولالايدۇ، دەيدۇ. ئۇ بۇ تۈرگە رەسۇلۇللاھنىڭ "كېلە" توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى مىسال كەلتۈرىدۇ، رەسۇلۇللاھ كېلە توغرىسىدا:«كېلە مەن تۇغۇلغان زېمىندا بۇ نەرسە يوق ئىدى، شۇڭا مېنىڭ ئۇنى يېگىم كەلمەيدىكەن»دېگەن ئىدى.(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ھەدىسىگە ئاساسەن "كېلە" يېمەسلىك سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن دېيىش توغرا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە،توغرا بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ خالىمىغانلىقتىن ئۆزى يېمىدى، لېكىن باشقىلارنى چەكلىمىدى.

شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ قويىنىڭ تاغاق گۆشى ياكى قول گۆشىگە ئامراق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان... مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قويىنىڭ تاغاق گۆشىنى يېيىش سۈننەت دېيىش توغرا بولامدۇ؟ ياكى بۇلار ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارمۇ؟!

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مىسال ئالساق، رەسۇلۇللاھ بىر بالىغا:«ئى بالا، تاماق يەيدىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن ۋە ئالدىڭدىن يېگىن»دېگەن.(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار ھەدىس بولۇپ، قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار، چۈنكى تۈرلۈك پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «رەسۇلۇللاھ ھەممە ئىشلىرىدا ئوڭ تەرەپنى ياخشى كۆرەتتى» دېگەن ھەدىس شەرىپ شۇنىڭ دەلىلى. بۇ ۋە

ئۆندىن باشقا ھەدىسلەردە كەلگەن پاكىتلار يېمەك-ئىچمەكتە ئوك قولنى ئىشلىتىشنىڭ سۈننەتلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەر ئادەمگە ئۆزى ئىختىيارى بىلەن قويۇپ بېرىلىدىغان ئادەت مەسىلىلىرىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

***

مۇجتەھىد ئىمام قەررافى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى 4 تۈرگە بۆلىدۇ: پەيغەمبەرلىك سۈپىتىدە قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى، مۇپتى سۈپىتىدە قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى، ھۆكۈم(يەنى سوت)سۈپىتىدە قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى ۋە رەئىسلىك سۈپىتىدە قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە پەتىۋا سۈپىتىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاللاھ ھەققىدە يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ، ئۇ رىسالەت(يەنى دىننى)يەتكۈزۈشتە ئاللاھدىن نەقىل قىلىپ بەرگۈچىدۇر، پەتىۋا بەرگەن ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن خەۋەر بەرگۈچىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەر ئىككىلى سۆز-ھەرىكەتلىرى قىيامەتكىچە بارلىق خالايىقلارغا شەرىئەت(يەنى قانۇن)دۇر.رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ۋەھىي قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگۈچىدۇر. مەسىلەن، ناماز، زاكات ئۆندىن باشقا ئىبادەتلەر...

يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى قۇرئاننىڭ ئىخچام مەزمۇننى بايان قىلسا ياكى ئومۇمى ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرسا ياكى مۇتلەق ھۆكۈمنىڭ دائىرىسىنى تارايتسا ياكى ئىبادەتتىكى بىر مەسىلىنى بايان قىلسا ياكى ھالال-ھارام ياكى ئەقىدە ياكى ئەخلاقتىكى بىر مەسىلىنى بايان قىلسا، بۇ تۈردىكى سۈننەتلەر قىيامەتكىچە ئومۇمى قانۇندۇر.

ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم(سىياسەت) ياكى سوتقا ئالاقىدار سۆز-ھەرىكەتلىرى يۇقىرىقى ئىككى تۈرگە ئوخشىمايدۇ، بۇ ئىككى تۈر كۆپىنچە

كەلگەن ئورنى بىلەن چەكلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە كۆرۈنگەن دەلىلگە قارىتا ھۆكۈم قىلىدۇ، سوت ئىشلىرىنىڭ پاكىتقا ئەگىشىدىغانلىقى ئېنىق، رەسۇلۇللاھ بۇ تېمىدا خۇسۇمەتلەشكۈچى ئىككى تەرەپكە ھۆكۈم پىچىدۇ.

رەسۇلۇللاھدىن قازىلىق سۈپىتى بىلەن كەلگەن سۈننەتلەر ئومۇمى ھۆكۈم بولمايدۇ، شۇڭا بىرەر ئادەم بۇ مەسىلىدە ھاكىمنىڭ ھۆكمى بىلەن چەكلىنىشى لازىم. رەسۇلۇللاھ :«مەن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىمەن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەتنىڭ رەئىسلىك سۈپىتى بىلەن قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى سىياسەت ئىشلىرىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرىدۇر. غەنىمەتنى تەقسىم قىلىش، ئەسكەرلەرنى تەييار قىلىش، زېمىن ۋە باشقا بايلىقلارنى بۆلۈپ بېرىش، توختام تۈزۈش، پايتەختتىن يىراق شەھەرلەرگە ھاكىملارنى تەيىنلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مۇشۇ تۈر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئىمام (رەئىس)نىڭ رۇخسىتىنى ئالماي قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشلارنى تەبلىغ سۈپىتىدە ئەمەس، ھاكىملىق سۈپىتىدە قىلغانلىقى شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

تۆۋەندىكى بىر قانچە مىساللار بۇ ئۈچ قائىدىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

(2)

## فۇقاھالارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى سۆز-ھەرىكەتلىرىنى يۇقىرىقى تۈرلەرگە نىسبەت بېرىشتە قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى

مۇشۇ تەقسىماتقا بىنائەن، ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتىكى تەسىرىنىڭ تۈرلۈك بولىشى ۋە ھەر بىر تۈرنى بەلگىلەيدىغان كەسكىن بەلگىلىگۈچى ئامىلىنىڭ يوقلىقى سەۋەبتىن ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى سۆز ھەرىكەتلىرىدە ئۇ سۆز-ھەرىكەتلەر پەيغەمبەرلىك ۋە تەبلىغ تەۋەسىگە كىرەمدۇ ياكى ئىمامەتچىلىك (رەئىسلىك) ۋە ھۆكۈم (سىياسەت) تەۋەسىگە كىرەمدۇ، دەپ تۈرلۈك قاراشتا بولۇشتى.

ئىمام قەررافى ئالىملارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى سۆز-ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەشتە 3 مىسال كەلتۈرگەن.

بىرىنچى مىسال:ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىدە تۈرلۈك قاراشتا بولغان. رەسۇلۇللاھ:«كىم ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرسە ئۇ زېمىن شۇنىڭكى بولىدۇ، زالىمدىن ئاققان تەرنىڭ ھەققى بولمايدۇ» دېگەن (بۇخارى ۋە تىرمىزى).

بەزىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى مۇپتىلىق سۆزى دەپ قاراپ، كىم ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرسە، ئۇ زېمىنغا ھاكىمنىڭ رۇخسىتىسىز ئىگە بولالايدۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىمام (رەئىسلىك) سۈپىتىدىكى سۆزى دەپ قاراپ، بىر ئادەم ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگەن بولسا، ئىمام رۇخسەت قىلمىسا ئىگە بولالمايدۇ، دەپ قاراشتى.

ئىككىنچى مىسال: ئالىملار يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى «ھىندى»غا قىلغان مۇنۇ سۆزىدە ئىختىلاپلاشتى، رەسۇلۇللاھ ھىندىغا: «ئېرىڭ

(ئىمكانىيىتى تۈرۈپ) ساڭا ۋە بالىلىرىڭغا يەتكىدەك نەپەقە بەرمىسە، سەن ئېرىڭنىڭ مېلىدىن ئۇقتۇرماستىن ئۆزۈڭگە ۋە بالاڭغا يەتكىدەك دەرىجىدە نورمال ئالغىن»دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بەزىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى "مۇپتىلىق"سۆزى دەپ قاراپ، بىر ئامال قىلىپ ھەققىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئادەم قازىنىڭ ھۆكمىگە قارىماستىن ھەققىنى ئېلىشى ياكى ئۇنىڭ تۆلىمىنى ئالسا بولىدۇ، دەپ قاراشتى. يەنە بەزىلەر بۇ قازىنىڭ ھۆكمىگە باغلىق، شۇڭا قازىنىڭ ھۆكمى بولمىسا، باشقا يوللار بىلەن ئېلىشى توغرا ئەمەس دەپ قاراشتى.

ئۈچىنچى مىسال: ئالىملار يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ:«كىم بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرگەنلىكىگە پاكىتى بولسا، ئۇ دۈشمەننىڭ قورال-ياراقلىرى ئۇنىڭ بولىدۇ»، (بۇخارى، مۇسلىم) دېگەن سۆزىدە تۈرلۈك كۆز قاراشتا بولۇشتى.

بەزى ئالىملار ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇپتىلىق سۈپىتىدە دېيىلگەن سۆزى بولۇپ ئومۇمىي قانۇن، شۇڭا بىر ئادەم جەڭدە بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرسە، قوماندان مۇشۇ سۆزنى دېسۇن ياكى دېمىسۇن، دۈشمەننىڭ قورال-ياراقلىرىغا ئىگە بولۇش ھەققى بار دەپ قاراشتى. يەنە بەزى ئالىملار ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ رەئىسلىك سۈپىتىدە قىلغان سۆزىدۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ سۆزنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە ۋاقىتلىق مەنپەئەت ئۈچۈن دېگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قوماندان مۇشۇ ھۆكۈمنى قارار قىلىشنى توغرا تاپسا، قارار قىلسا بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھەر بىر ئادەم ئۆلتۈرگەن دۈشمەننىڭ قورال-ياراقلىرىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر قارار قىلمىسا قورال-ياراق ئومۇمىي غەنىمەتلەر قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ، دەپ قاراشتى.

مانا سۈننەتنىڭ بۇ تۈرلىرى ۋە فۇقاھالار ئارىسىدىكى تۈرلۈك قاراشلار، رەسۇلۇللاھدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈممەتكە ھەر ۋاقىت ۋاجىپ بولىدىغان قانۇن چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى قانۇن چىقىرىش ئۈچۈن، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. سۈننەتنىڭ قاتارىدا قازىلىق ۋە دەلىلگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش تۈرىنى كۆرسىتىدىغانلىرىمۇ بار. يەنە سۈننەتنىڭ قاتارىدا رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىكى مەنپەئەت ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈملەرمۇ بار، مەنپەئەت ئۈچۈن كەلگەن سۈننەتلەردە مەنپەئەتكە قارىتا ئىش قىلىش لازىم. يەنى مەنپەئەت بولسا قىلىش، مەنپەئەت بولمىسا قىلماسلىق لازىم. بولمىسا رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشتىكى ئاللاھنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز، چۈنكى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش رەسۇلۇللاھ ماڭغان يولدا مېڭىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

(3)

## ساھابىلەرنىڭ ئىش -ئىزلىرى سۈننەتنى يۇقىرىقىدەك بۆلۈشنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولالايدۇ

مەسىلەن، قۇرئان كەرىم قاتىلنىڭ تۆلىمى توغرىسىدا: «ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك»(نىسا سۈرىسى، 92-ئايەت)دېگەن ئايەت كەرىمە تۆلەمنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەپ بەرمىدى، ئۇنى سۈننەت ئوتتۇرىغا قويىدى. رەسۇلۇللاھ:«بىر جانغا 100 تۆگە تۆلەم بېرىلىدۇ»دېگەن(نەسەئى رىۋايەت قىلغان). تۆلەم ئەسلى 100 تۆگە تۆلەشتۇر،

لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا تۆگە ئەھلىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، 100 تۆگە ئورنىغا 800 دىنار بەلگىلەندى، بۇمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن بەلگىلەندى.

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغاندا خۇتبە سۆزلەپ: ھازىر تۆگە قىممەتلىشىپ كەتتى دەپ، ئالتۇن ئىشلىتىدىغانلارغا(يەنى تۆگىسى يوقلارغا) مىڭ دىنار، كۈمۈش ئىشلىتىدىغانلارغا 12 مىڭ دىرھەم بەلگىلىگەن. كالىسى بارلارغا 200 كالا، قويى بارلارغا 1000 قوي بەلگىلىگەن.(شەۋكانى- نەيلۇل ئەۋتار ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

يەنە رەسۇلۇللاھ «پىتىر سەدىقىسى»نى خورما ياكى ئارپا ياكى قۇرۇق ئۈزۈم ياكى بۇغدايدىن بىر سا(6 جىڭ) بەلگىلىگەن. سەدىقە پىتىردىن مەقسەت روزا ھېيت كۈنلىرى كەمبەغەللىنى باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن بىھاجەت قىلىشتۇر. ئەينى زاماندا بۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئوخشاش ئىدى. مۇئاۋىيە شام دىيارىغا "ۋالى" بولغاندا، شام بۇغدىيىنىڭ سورتلىقىنى ۋە قىممىتىنىڭ باشقا نەرسىلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، 3 جىڭ بۇغداي 6 جىڭ خورمىغا تەڭ كېلىدىكەن، شۇڭا بۇغداي بېرىدىغان ئادەم 3 جىڭ بەرسىمۇ بولىدۇ، دەپ خۇتبە سۆزلىگەن. كىشلەر مۇشۇ يولنى تۇتۇپ ماڭغان، يەنى خورما ياكى قۇرۇق ئۈزۈم بەرسە 6 جىڭ بېرىدىغان، بۇغداي بەرسە 3 جىڭ بېرىدىغان يولنى تۇتقان.(ئىبنى قەييىمنىڭ "ئىئلام مۇۋەققىئىن"3 ،-توم،23-بېتىگە قاراڭ).

يەنە بىر مىسال، رەسۇلۇللاھ خەيبەر شەھىرىنى يەھۇدىلاردىن ئازات قىلغاندا، ئۇ زېمىننى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئىراقنىڭ زېمىنىنى ئازات قىلغاندا، ساھابىلار بىلەن كېڭەش قىلغان، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى زېمىننى جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىش لازىم دەپ قارىغان،

يەنە بەزىلىرى ئۇ زېمىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى سۈپىتىدە ساقلاپ قويساق، كىرىمى بەيتۇلمال(دۆلەت خەزىنىسى)گە كىرسە دېيىشتى. ئاخىرى ساھابىلار بىر ئاي كېڭەشكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپ، ئىراق زېمىنىنى جەڭچىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلماي ئومۇمى دۆلەت مۈلكى سۈپىتىدە ساقلاپ قويغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەسەۋۋۇرى كەلگۈسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى دائىملىق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ساھابىلەرنىڭ قىلغان ئىش-ئىزلىرى تېخىمۇ كۆچلۈك دەلىل، چۈنكى ئۇلار شۇ ئىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ھاراق ئىچكەن ئادەم كېلىپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇيتتى، بەزىلەر قولى بىلەن بەزىلەر ئايىغى بىلەن يەنە بەزىلەر كىيىمى بىلەن ئۇراتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە بۇ ئىش شۇنداق داۋاملاشتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ھاراق ئىچىدىغان ئىش كۆپىيىپ كەتتى، خالىد بىن ۋەلىد ھەزرىتى ئۆمەردىن بۇ ئىش توغرۇلۇق يوليورۇق سورىغاندا، "ئابدۇراھمان بىن ئەۋف" ياكى "ئەلى"دىن سورىغىن دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەزرىتى ئەلى جاۋاب بېرىپ:مېنىڭچە، ھاراقكەش ھاراق ئىچسە مەس بولىدۇ، مەس بولسا قالايمىقان سۆزلەيدۇ، قالايمىقان سۆزلىسە باشقىلارغا تۆھمەت چاپلايدۇ، تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنىڭ جازاسى 80 دەررە، شۇڭا 80 دەررە ئۇرساق دەپ مەسلىھەت بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ ھاراق ئىچكەن ئادەمگە مۇئەييەن جازا بېكىتىپ بەرمىگەن، بەلكى ئىچكۈچىلەرنىڭ ھالىغا قاراپ جازا بېرەتتى. تۆۋەن جازا 40 دەررە ئىدى. ساھابىلار بۇ ئىشتىن ئىككى مەسىلىنى چۈشەنگەن، بىرىنچى مەسىلە:جازا مۇئەييەن ئەمەس، ئۇنى ھاكىم ياكى قازى زامانغا مۇناسىپ ھالەتتە بەلگىلەيدۇ،

ئىككىنچىسى:هاراق ئىچكۈچىگە جازا بېرىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى هاراق ئىچىشتىن توسۇش، شۇڭا ئۇلار يۇقىرىقى نەتىجىگە يەتكەن.

## خۇلاسە

ساهابىلەرنىڭ سۈننەتتىكى هۆكۈم ئېلىش مېتودىنى چۈشىنىش بىرىنچى ئورۇندا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يول تاپالىسىلا ئىككىلەنمەي شۇ ئىشنى ئاللاهقا ۋە ئاللاهنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىۋاتىمىز، دېگەن ئاڭ بىلەن قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ۋەزىيەتنى ئادا قىلىشتا پاكىتنىڭ زاهىرىي (سىرتقى كۆرۈنۈشىدە) تۇرۇۋالماي ئاللاه ئاتا قىلغان ئەقىل، هېكمەت ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئىشلەتتى. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشىغان تۇرلۇك دەۋر ۋە ئورۇنلار بىلەن قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرى ۋە رەسۇلۇللاهنىڭ سۈننىتى ئارىسىنى ماسلاشتۇرالىدى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئىسلامغا ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن بويسۇنۇشتى.

ئۆرپ ۋە ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مەنپەئەتلەر ياكى ۋەھىينىڭ ئالاقىسى يوق ئەهكاملارنى ئۆزگەرتىشنى سۈننەتنى ئاجىزلاشتۇرغانلىق ياكى سۈننەتكە هۇجۇم قىلىش يولىنى ئاچقانلىق دەپ قارىمىدى. شۇڭا ئۇلار ۋەھيي كەلگەن ئەهكاملارنى ۋە ۋاقىتلىق مەنپەئەت ياكى زىيىنى يوق ئۆرپ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەهكاملارنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشتى.

ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئەمەلىي ئەھكاملارغا ئالاقىدار بولغان سۈننەت ياكى دەۋر تىلى بىلەن ئېيتقاندا«قانۇنى تەسىرى بار ھەدىسلەر» (ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنى «ئەھكام ھەدىسلىرى»دەپ ئاتايدۇ)، ياكى ئەدەب-ئەخلاق، غەيبىي ئىشلار، كائىنات ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىغا... مۇناسىۋەتلىك سۈننەتلەر ۋەھيىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، پىكىرگە بويسۇنمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەدىسلەردە ۋاجىپ، سۈننەت، ھارام، مەكروھ.. ئەھكاملار ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چۈشىنىلىدۇ.

مانا بۇلار زىت ئىككى تەرەپ (يەنى سۈننەتنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈم دەپ قارىغۇچىلار ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار) ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق، مانا بۇ ھىدايەت يولى ۋە توغرا يول.


پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. تأويل مختلف الحديث – ئىبنى قۇتەيبە.

2. الإحكام فى تمييز الفتاوى من الأحكام" ۋە "الفروق" - قەررافى

3. "زاد المعاد"،" مفتاح دار السعادة" – ئىبنى قەييىم

4. حجة الله البالغة- ۋەلىيۇللاھ دىھلەۋى

5. تفسير المنار- شەيخ رەشىد رىزا

6. الإسلام عقيدة وشريعة- شەيخ شەلتۇت

7. مقاصد الشريعة الإسلامية – شەيخ تاھىر ئاشۇر

8. السنة التشريعية – شەيخ ئەلى خەفىف

9. السنة مصدرا للمعرفة والحضارة – دوكتۇر يۇسۇپ قەرزاۋى.

# ئومۇمی هۆكۈم بەلگىلەشكە ئالاقدار ۋە ئومۇمی هۆكۈم بەلگىلمەسلىككە ئالاقدار بولغان سۈننەتلەر

-2-

## ئىختىلاپ قىلىشقا بولمايدىغان مۇهىم ئىككى نۇقتا:

**بىرىنچى:** سۈننەتنىڭ كۆپ قىسمى-مەيلى ئۇ سۆز ياكى ئىش ھەرىكەت ياكى تەستىقلاش بولسۇن- هۆكۈم بەلگىلەش ئۈچۈندۇر ۋە ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاهغا ئەگىشىش ۋاجىپ. ئاللاھ رەسۇلۇللاهغا ئەگەشكەنلىكىنى ھىدايەت دەپ قارار قىلدى:«ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»،(ئەئراف سۈرىسى، 158-ئايەت).

**ئىككىنچى:** سۈننەتنىڭ قاتارىدا هۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان ۋە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولمايدىغانلىرى بار، يەنى ئۇ پەقەت دۇنيالىق ئىشلار بولۇپ ۋەھىي كەلمىگەن ئىشلاردۇر:«دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئالىم»،(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بۇ ئىككى ھەقىقەت بارلىق ئالىملار ئارىسىدا ئىتتىپاق مەسىلە. مۇشۇ سۈننەتنى تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، زىننەت، سۈرمە تارتىش، داۋالاشقا ئالاقىدار بەزى ھەدىسلەرگە تەتبىقلاش ياكى بەزى ساھەلەرگە تەتبىقلاشتا ئىختىلاپ بار. بۇ ئىشلار ئۆزىمىزگە قويۇپ بېرىلگەن دۇنيالىق ئىشلىرىمۇ ياكى ئەگىشىشكە تېگىشلىك دىنىي ئىشلارمۇ؟

(1)

## سۈننەتنىڭ ئۇقۇمى

ئىلگىرىكى ئالىملىرىمىز، رەسۇلۇللاھدىن ئىسپاتلانغان ئىش سۈننەتمۇ ياكى سۈننەت ئەمەسمۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىنى ئىزدەنگەن:

1. سۈننەت: ئەگىشىش لازىم بولغان ئىشلار.

2. سۈننەت ئەمەس: يەنى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان ئىشلار.

سۈننەت دېگەن سۆزنىڭ تىل جەھەتتىكى مەنىسى:"ئەگىشىلگەن يول" دېگەن بولىدۇ، بۇ قانۇن چىقىرىش ۋە ئەگىشىش كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئىشلاردا بولىدۇ.

سۈننەتنىڭ ئاتالغۇدىكى مەنىسى:رەسۇلۇللاھدىن نەقىل قىلىنغان سۆز ياكى ئىش ھەرىكەت ياكى تەستىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ «ئاتالغۇ» سۈننەتنى مەيلى ئۇ قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار بولسۇن(بۇ سۈننەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ) مەيلى قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىسۇن(بۇ ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ).

مەسىلەن، ساپا-مەرۋە ئارىسىدا يۈگۈرۈشنى مىسال ئالايلى:

كۆپچىلىك ئالىملار دەسلەپكى ئۈچ قېتىمدا يۈگۈرۈشنى سۈننەت، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە شۇنىڭغا بۇيرۇغان، دەپ قارايدۇ.

ئىبنى ئابباس ئۇ سۈننەت ئەمەس،خالىغان ئادەم تېزراق ماڭسۇن، خالىمىغان ئادەم ئاستا ماڭسۇن دەيدۇ. ئىبنى ئابباس بۇ سۆزگە بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلار ھەج قىلغىلى كەلگەندە، قۇرەيش مۇشرىكلىرى: بوشاپ

كەتكەن مەدىنىنىڭ بەزگەكلىرى كەلدى، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ دەسلەپكى ئۈچ قېتىمدا يۈگۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، رەسۇلۇللاھ ھەممە قېتىمدا يۈگۈرۈشكە بۇيرۇسا بۇيرۇيتتى، لېكىن ساھابىلارنى ئاياپ بۇيرۇمىغان» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەزرىتى ئۆمەر ساپا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشنى تاشلىماقچى بولۇپ، ئۇ قارىشىدىن يانىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:«ئەمدى نېمە دەپ يۈگۈرىمىز، بىز مۇشرىكلارغا كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن يۈگۈرىدىغان ئىدۇق، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىپ بولدى دەپ بولۇپ،رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشنى تاشلاپ قويۇشنى خالىمايمىز» دېگەن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەدىسنىڭ خۇلاسىسى، ھەزرىتى ئۆمەر تاۋاپتا يۈگۈرۈشنى تاشلىماقچى بولغان، چۈنكى ئۇ يۈگۈرۈشنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى، سەۋەبى يوقالغاندىن كېيىن يۈگۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى قالدى؟ دەپ بولۇپ، ئاندىن بەلكىم بۇنىڭدا بىر ھېكمەت بولسا كېرەك، دەپ قاراپ ئۇ قارىشىدىن يانغان.

## (2)
## رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادلىرى

ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولۇشتى، بەزىلەر شەرئى مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشقا قادىر دەپ قاراشتى ۋە بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈشتى:«(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»، (نەجم سۈرىسى،4-5-ئايەتلەر).

باشقىلار بۇ قاراشقا رەددىيە بېرىپ قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئەقلى دەلىل كەلتۈرگەن. ئۇلار: باشقىلار كەلتۈرگەن يۇقىرىقى دەلىل ئۇلار ئۈچۈن ھۆججەت بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئايەت قۇرئان كەرىم ھەققىدە توختىلىۋاتىدۇ."قەتادە"ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: قۇرئاندا ئۇنىڭ خاھىشىدىن (يەنى ئىجتىھادىدىن) بىرەر نەرسە سادىر بولمايدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. (مۇپەسسىر قۇرتىبىنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ).

ئىمام شەۋكانى:«ئۇز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» دېگەن ئايەتتىن مەقسەت قۇرئان كەرىمدۇر، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋەھيي ۋە ئىجتىھاتى بىلەن ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ خاھىشى بىلەن سۆزلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ، بەلكى ۋەھيي بىلەن سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ. (شەۋكانىنىڭ ئىرشادۇل فۇھۇل ناملىق، 238-بېتىگە قاراڭ).

بۇ ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھاد قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلارغا رەددىيە بېرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى دەلىل كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئۆمەرگە رامىزان تۇتۇپ تۇرۇپ ئايالىنى سۆيۈش مەسىلىسى توغرىسىدا:«ئەگەر مەزمەزە قىلسا قانداق قارايسەن»(ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسىنى، يەنە ئابباسقا «ئىزخىر دەرىخىدىن باشقىسىنى كېسىشكە بولمايدۇ»دېگەن ھەدىسىنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرىدۇ.

بىر قانچە مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھدىن ئىجتىھاد بولغانلىقتىن كۆپ ساندىكى ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى دۇرۇس دەپ قاراشتى. رەسۇلۇللاھ ئىجتىھاد قىلىپ، ھۆكمى توغرا چىقماي قالسا، ۋەھيي دەرھال تۈزلەپ قويىدۇ، (رەسۇلۇللاھدىن خاتالىق قەتئىي سادىر بولمايدۇ، بەلكى رەسۇلۇللاھ بىرەر قاراشنى قارىغان بولسا، ۋەھيي ئۇنىڭدىن ئەۋزەل قاراشنى

كۆرسىتىپ قويىدۇ. تۇغرا چىقماي قالسا دېگەن سۆزدىن رەسۇلۇللاھ خاتالىشىدىغان ئوخشايدۇ،دېگەن ئۇقۇم چىقمايدۇ) شۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھدىن خاتالىق زادى سادىر بولمايدۇ، مانا بۇ باشقا ئىجتىھاد قىلغۇچىلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر

رەسۇلۇللاھ پەقەتلا دۇنيالىق ئىشلاردا ئىجتىھاد قىلىدۇ، دەپ قارىساق، (رەسۇلۇللاھ ئىجتىھاد قىلىدۇ ياكى قىلمايدۇ) دېگەن ئۇسۇلشۇناس ئالىملىرنىڭ ئىككى خىل قاراش ئارىسىدىكى زىتلىق يوقىلىدۇ.(ئىمام بەزدەۋىنىڭ"كەشفۇل ئەسرار"ناملىق ئۇسۇلى فىقھى كىتاۋىغا قاراڭ).

(3)

## سۈننەتتە كۆرسەتمە (مەسلىھەت) سۈپىتىدە كەلگەن بۇيرۇق ياكى چەكلىمىلەر

ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىدا بۇيرۇق شەكلىنىڭ 17 خىل تۈسىنى ئالىدىغانلىقى مەلۇم، چەكلەش شەكلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە شەكىللەردە كېلىدۇ.

سۈننەتتىكى بۇيرۇقنىڭ ھەممىسى ۋاجىپنى كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ:«يەھۇدى ۋە ناسارالار چاچلىرىنى بويىمايدۇ، سىلەر ئۇلارغا قارىشى ھالدا چاچلىرىڭلارنى بوياڭلار»دەيدۇ.(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىر بۆلەك ساھابىلارنىڭ چاچ بويىمىغانلىقى بايقالغان. "ھافىز ئىبنى ھەجەر" بۇخارىنىڭ شەرھىسى "فەتھۇل بارى"دا: ھەزرىتى ئەلى، ئۇبەي بىن

كەئىب، سەلەمە بىن ئەكۋە، ئەنەس بىن مالىك ۋە ئۇندىن باشقىلارنىڭ چاچلىرىنى بويىمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

گەرچە چاچ بوياش بۇيرۇق سىغىسىدا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردىكى بۇيرۇق سىغىسى يول كۆرسىتىپ قويۇش ۋە مەسلىھەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇھىت، يۇرتنىڭ ئادىتىگە بويسۇنىدىغان مەسىلە بولغاچقا بەزىلەر بويىمىغان.

دوختۇرلۇققا ئالاقىدار ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى يول كۆرسىتىپ قويۇش ۋە مەسلىھەت تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ كۆرسەتمىنى ئالمىغاندا گۇناھ بولمايدۇ ياكى شۇ ئىشنى قىلسا ساۋاب ئېشىپ قالمايدۇ.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ بىر ئادەمگە ئەرەب قويىنىنىڭ قۇيرۇقىنى ئىشلەتكىن دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.(ئىبنى ماجە، 3463-نومۇرلۇق ھەدىس). بۇ ساۋاب بولىدىغان دىني ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس ياكى قىلمىسا گۇناھكار بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەرەب مۇھىتىنىڭ تەجرىبىسىدىن بىلىنگەن دۇنيالىق ئىش. بۇ ئىشنى قىلمىغانلىق سۈننەتكە خىلاپ بولمايدۇ.

مەسىلەن رەسۇلۇللاھ:«سىلەر ئۇخلايدىغان چاغدا سۈرمە ئىشلىتىڭلار، ئۇ كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە چاچنى ئۆستۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

سۈرمە ئىشلىتىش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مەسلىھەت ۋە كۆرسەتمە سۈپىتىدە كەلگەن ھەدىسلەر، ئۇنى قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ. ناۋادا دوختۇر: سۈرمە ساڭا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىسا، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى لازىم، ئۇنداق قىلغانلىق سۈننەتكە خىلاپ ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ: «زىيانلىنىش ۋە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ»دېگەن. رەسۇلۇللاھ بەدەن دوختۇرى بولۇپ ئەۋەتىلمىگەن، بەلكى يۈرەك، ئەقىل ۋە كۆڭۈل دوختۇرى بولۇپ ئەۋەتىلگەن.

چىۋىننى قاچىغا چۆمدۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسمۇ دۇنيالىق ئىشلاردىكى كۆرسەتمە خاراكتېرلىك ھەدىس. چۈنكى تۇرمۇشى تۆۋەن، ئاددى-ساددا، يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالى چەكلىك بولغان مۇھىتتا، چىۋىن چۈشۈپ قالغان ھەر قانداق تاماقنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ ئەگەشكۈچىلىرىنى يىرىك ۋە قېيىن تۇرمۇشقا كۆيدۈرۈۋاتقانلار تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

مەزكۇر ھەدىستىكى«چىۋىننىڭ بىر قانىتىدا زەھەر يەنە بىر قانىتىدا شىپا بار»دېگەن ھەدىس ئەرەب مۇھىتىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆستۈن كېلىدۇ، شۇڭا بۇ خەۋەرنى ئەقىلغا سىغمايدۇ، دەپ رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك.

دوختۇرلۇققا ئالاقىدار كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر شۇ دەۋردىكى ئورۇن، ۋاقىت ۋە ئادەملەرگە خاس كەلگەن. ئىبنى قەييىم «رەسۇلۇللاھنىڭ تېبابەتچىلىكى» ناملىق كىتابىدىكى دوختۇرلۇققا ئالاقىدار ھەدىسلەردە توختىلىپ «زادۇل مائاد» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە:«بۇ ھەقتىكى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى ھەممە كىشىلەرگە، ھەر مۇھىتقا، ھەر شارائىتقا ئومۇمى ئەمەس، بەلكى دېيىلگەن شۇ مۇھىتقا خاس»دەيدۇ.

ئىبنى قەييىم«ئەرەب قويىنىڭ قۇيرۇق يېغى (نىسا)دېگەن كېسەلگە شىپا»دېگەن ھەدىسنى مىسال كەلتۈرىدۇ. يېمەك- ئىچمەك بىلەن داۋالاش مۇھىت ۋە ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلار.

ئىبنى  قەييىم  يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسنى مىسال ئالىدۇ:«كىم ئەتىگەندە يەتتە دانە "ئەجۋە" تۇرىدىكى خورمىنى سەھەردە ناشتىلىقتا يېسە، شۇ كۈندە زەھەر ياكى سېھىر تەسىر قىلمايدۇ» دەيدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى قەييىم بۇ ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ: بۇ ھەدىس مەدىنىلىكلەر ۋە مەدىنىگە يېقىن خوشنىلارغا ئوخشاش خاس رايونلار مەقسەت قىلىنغان ھەدىستۇر. بەزى ئۆسۈملۈك دورىلار بەزى ئورۇنلاردا پايدا قىلسا، يەنە بەزى ئورۇنلاردا پايدا قىلمايدۇ، شۇڭا مۇشۇ ئورۇندا ئۆسكەن دورا مۇشۇ ئورۇندا پەيدا بولغان كېسەلگە شىپا بولىدۇ. ھاۋا، تۇپراق...نىڭ ئوخشاشمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ دورا باشقا ئورۇندا پايدا قىلمايدۇ، چۈنكى زېمىننىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ ئىنساننىڭ مىجەز خاراكتېرىگە يېقىنلىشىپ قالىدۇ. كۆپلىگەن ئۆسۈملۈكلەر بەزى ئەلدە يېمەكلىك غىزا بولسا، يەنە بەزى جايلاردا زەھەر بولىدۇ ، يەنە بەزى يەرلەردە دورا بولىدۇ...

خورمىنىڭ زەھەرگە پايدا قىلىشىمۇ شۇ شەھەرگە ۋە شۇ تۇپراققا خاس. كېسەلنىڭ دورا بىلەن پايدىلىنىشى دورىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنى پايدا قىلىدۇ، دەپ قارىشىغا باغلىق، ناۋادا كېسەلنىڭ بەدىنى دورىنى قوبۇل قىلمىسا ياكى مىجەزىگە ماس كەلمىسە، ئۇ دورا پايدا قىلمايدۇ(زادۇلمائاد، 4-توم، 98-بەت)

دېمەك، دوختۇرلۇق ساھەسىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇتلەق ۋە ئومۇمى ئۆلچەم بىلەن ئېلىنمايدۇ، كۆپىنچىسى مۇئەييەن شارائىت، مۇئەييەن ئورۇن ياكى مۇئەييەن ئەھۋالغا باغلىق... بەلكىم بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىنسانىي تەجرىبىسى سۈپىتىدە سادىر بولغان بولىشى مۇمكىن(ئىبنى قەييىمنىڭ «مىفتاھ دارۇل سائادە» كىتاۋىغا قاراڭ).

بۇ ھەدىسكە قاراڭلار:«سىلەر كالىنىڭ سۈتىنى ئىشلىتىڭلار، چۈنكى ئۇ دورا، سېرىق مېيىنى ئىشلىتىڭلار چۈنكى ئۇ شىپا، ئۇنىڭ گۆشىدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ كېسەل» بۇ ھەدىسنى "ھاكىم" رىۋايەت قىلغان ۋە

سەھەھ دېگەن، ھەدىسشۇناس ئالبانى "سەھەھ جامى سەغىر"ناملىق كىتاۋىدا سەھەھ دېگەن. "تەبرانى"مۇ مۇشۇ تېمىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

بۇ سەھەھ ھەدىسكە نېمە دەيمىز؟

بۇ ھەدىسنى قۇرئان ۋە سەھەھ سۈننەتكە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەت قىلساق بولىدۇ. ھاكىمنىڭ سەھەھ دەپ ھۆكۈم قىلىشتا سەل قارايدىغانلىقى ئېنىق، ئالبانى تۇرلۇك يول بىلەن كەلگەن بولسا-ئەقىلغا زىت ۋە نەقىلگە خىلاپ بولسىمۇ- مەزمۇنىغا قارىماي سەھەھ دەپ قاراپ سالىدىغان تەرىپى بار.

ھاكىم ۋە ئالبانىنىڭ سەھەھ دېگەن قارىشىنى ئېلىپ، كالىنىڭ گۆشى كېسەل دېسەك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە كالا گۆشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يېيىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئەسىرلەر بويى يەپ كەلدى، ئۇنى يېيىشنى گۇناھ دەپ ھېس قىلىشمىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا كېسەللىكنى ئۇچراتمىدى. ئەرەب ئەللىرىدە كالا گۆشىنىڭ باھاسى قوي گۆشىنىڭ باھاسىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

دېمەك، مۇشۇ ھەدىس سەھەھ دەپ قارالغاندا، بۇ ھەدىس مۇئەييەن شارائىتتىكى مۇئەييەن تۇردىكى كالىغا دېيىلگەن. ئۇنداق بولمىغاندا قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە زىت كېلىپ قالىدۇ، قۇرئان كەرىم كالا گۆشىنى ھالال دەپ بايان قىلدى.

ئەللامە "ئىبنى خەلدۇن" دوختۇرلۇققا ئالاقىدار ھەدىسلەر توغرىسىدا:" دوختۇرلۇققا ئالاقىدار كەلگەن ھەدىسلەر ئادەت ۋە خاراكتېر بابىدىن بولۇپ، تەبلىغ بابىغا كىرمەيدۇ. ئۇسۇملۇكلەر بىلەن داۋالىنىدىغان ئىش ئەرەبلەردە كۆپ ئىدى، بۇ تېمىدا كەلگەن ھەدىسلەر ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بىزگە شەرىئەتنى ئۆگەتكىلى كەلدى، دوختۇرلۇقنى ۋە باشقا ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى ئۆگەتكىلى كەلمىدى، شۇڭا دوختۇرلۇققا ئالاقىدار

كەلگەن ھەدىسلەرنى بۇيرۇق ئېغىدا قوبۇل قىلىش توغرا بولمايدۇ، بەرىكەت دەپ ئىستىمال قىلسا دۇرۇس» دەيدۇ.(ئىبنى خەلدۇننىڭ "مۇقەددىمە" ناملىق داڭلىق ئەسىرىنىڭ3-توم، 1243-بېتىگە قاراڭ).

رەسۇلۇللاھ پالانى كېسەلگە پالانى نەرسە پايدا قىلىدۇ دېگەن، لېكىن ھازىر پايدا قىلمىدى دېسىڭىز، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنىڭ يالغانلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ، ھەدىس سەھىھ بولسا توغرا. لېكىن شۇ مۇھىتتا شۇ تۇپراق ۋە سۇ بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن دورا ھازىر بارمۇ؟ بۇرۇن كۆپ ئۆسۈملۈكلەر تەبئىي ئۆسۈپ يېتىلەتتى، بۈگۈن بولسا خىمىيىۋى دورىلار بىلەن ئەسلى ھالىتىنى يوقاتتى. شۇڭا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ رېتسېپلىرى پايدا قىلماي قالسا، رەسۇلۇللاھنىڭ يالغانچىلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى دورا دېگەن مۇھىت، ھاۋا، تۇپراق ۋە ئادەم تاللايدىغان نەرسە...

دېمەك، سۈننەتنىڭ قاتارىدا ئومۇمى ھۆكۈم-چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان سۈننەتلەر پەقەتلا دۇنيالىق ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇلار ئەقىل ۋە ئىجتىھادىمىزغا قالدۇرۇلغان. شۇنداقلا سۈننەتنىڭ قاتارىدا مۇتلەق ۋە ئومۇمى ھۆكۈم (قانۇن) چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان سۈننەتلەرمۇ بار، بۇ سۈننەتلەر مۇئەييەن شارائىت مەسىلىنى ھەل قىلغان سۈننەتلەردۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ دۆلەت رەئىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسى ۋە قازىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ مۇئاز بىن جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتىپ:«بالاغەتكە يەتكەن ئادەمدىن بىر دىنار جىزيە ئېلىشقا بۇيرۇغان»(ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرىدە جىزيەنى باشقىچە بەلگىلەپ، جىزيە تۆلەيدىغانلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن.

يىلـدا بايلارغـا 48 دىـرھەم، ئورتاھاللارغـا، 24دىـرھەم، كېـرىمـى چەكلـىـك ئادەملەرگە 12 دىرھەم قىلىپ بەلگىلىگەن.( شەۋكانىينىڭ نەيلۇل ئەۋتار)

ھەرزىتى ئۆمەرنىڭ بۇ قىلغان ئىشى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئەمەس، بەلكـى ئـۆز دەۋردىكـى شـارائىتقا رىئـايە قىلغـانلىقتۇر. چـۈنكى ھەر ئورۇندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىمـام شـەۋكانى:«ھەزرىتـى ئـۆمەر ۋە سـاھابىلارنىڭ بـۇ قىلغـان ئىشـىغا كەلسـەك، بەلكـىم ئـۇلار رەسـۇلۇللاھدىن مـۇئەييەن چەكلـىمىنـى چۈشـەنمىگەن بولسـا كېـرەك، يـاكى بولمىسـا مۇئازىنـىڭ يـۇقىرىقى ھەدىسـى مـۇئەييەن ۋەقەنـى كۆرسەتسە كېرەك، جىزيە دېگەن سۆلھىنىڭ بىر قىسمىدۇر»دەيدۇ.(شەۋكانىينىڭ نەيلۇل ئەۋتارغا قاراڭ).

دېمەك، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغـان سىياسـى كۆرسەتمىسـى دەپ قارىسـاق بولىـدۇ، چـۈنكى شـۇ ۋاقىتنىـڭ شارائىتى شۇنى تەقەززا قىلغان، جىزيە مەسىلىدە خەلىپە ۋە ھاكىم مەنپەئەتكە قارىتـا ئـىش ئېلىـپ بارسـا بولىـدۇ. شـۇنداق قىلسـا سـۈننەتكە خىـلاپ ئـىش قىلغـانلىق بولمايـدۇ. بەلكـى رەسـۇلۇللاھنىڭ ۋاقىـت، ئـورۇن ۋە شـارائىت مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىشتىكى سۈننىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغانلىق بولىدۇ.

سۈننەتتە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىدار ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالاقىسى يـوق سـۈننەتلەرنى ئـايرىش، شـۇنداقلا مـۇتلەق دائىملىـق ھۆكـۈم چىقىرىشـقا ئالاقىـدار سـۈننەت بىـلەن ۋاقىتلىـق ھۆكـۈم چىقىرىشـقا ئالاقىـدار سـۈننەتلەرنى ئـايرىش مـۇھىم ئـىش. لـېكىن بـۇ تـۈرلەرنى پەرقلەنـدۈرۈش ئالىملارنىـڭ ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ پائالىيىتىدۇر.

# ئىككىنچى باب

## سۈننەت توغرىسىدا قوزغالغان

## شۈبھىلارغا جاۋاب

## سۈننەتكە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇملار

(1)

سۈننەت(يەنى ھەدىس شەرىف) غەرب ئىدىيىسىگە قۇل بولۇپ كەتكەنلەر تەرىپىدىن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ئۇلار بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ سۈننەتنى يوققا چىقىرىش ۋە قانۇنچىلىق ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتى، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلەتمىگەن ئۇسۇل ۋە يوللىرى قالمىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۈننەتنىڭ ئىسپاتلىنىشىدا-بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا-شەكلەندۈرۈش يولىنى تۇتتى، بەزىلىرى سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى ۋە ئىسلامنىڭ قانۇنچىلىق مەنبەسىگە تەنە قىلىش بايرىقىنى كۆتۈردى ۋە بىز قۇرئان بىلەنلا ماڭىمىز، سۈننەتكە مۇھتاج ئەمەسمىز دەپ تەشۋىق قىلىشتى. بۇلارنىڭ بەزىسى ھەدىسلەرنى ئۆز تېمىسىدىن بۇرمىلاپ ۋە ھەدىسنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلماي سۈننەتنى سۈننەت بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئۆرۈمەكچىمۇ بولدى.

بەزىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ:«سىلەر دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئالىم»دېگەن ھەدىسىنى خاتا ئىستىمال قىلىپ، ئىسلامنىڭ سىياسى تۈزۈمىنى پۈتۈن يوقىتىپ تاشلىماقچى بولدى. ئۇلار: سىياسى ئىشنىڭ ئاساسلىرى ۋە تارماقلىرى بولىدۇ، ئۇ ئىشلارنى بىز بەكرەك بىلىمىز، ۋەھيىنىڭ سىياسەت تېمىسىدا قانۇن چىقىرىش ياكى سىياسەتكە ئارىلىشىش سالاھىيىتى يوق دەپ قاراشتى. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام دۆلەتسىز دىن ۋە شەرىئەت(قانۇن)سىز ئەقىدىدۇر.

بەزىلەر يۇقىرىقى مۇشۇ بىر ھەدىسنى خاتا چۈشىنىش سەۋەبىدىن ئىسلامنىڭ ئىقتىساد تۈزۈمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇشتى. بەزىلەر مۇشۇ ھەدىسنى خاتا چۈشۈنۈپ ۋە ئورۇنسىز دەلىل قىلىپ ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە سىياسى تۈزۈملىرىنى ئۆرۈپ تاشلىماقچى بولغان.

بەزىلەرنىڭ مۇنداق چېكىدىن ئېشىشقا قارىتا ئەللامە بۈيۈك مۇھەددىس ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر بۇ ھەدىسكە ئىلاۋە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«بۇ دەۋردىكى ئاتېىستلار ۋە ياۋرۇپا مەدرىسلىرىدە تەربىيىلىنىپ كەلگەن ئىلمانىيلار ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ قۇيرۇقلىرى بۇ ھەدىسنى ئاساس قىلىۋېلىپ شەرىئەت ئەھلى بىلەن قارشىلاشقىلى تۇردى. ئۇلار شەرىئەتنىڭ بىرەر سۈننەت ياكى بىرەر قانۇن ياكى مۇئامىلە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلماقچى بولسا، بۇ دېگەن دۇنيا ئىشلىرى دەپ:«سىلەر دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئالىم» دېگەن ھەدىسكە ئېسىلىۋالىدۇ. بۇلار ئەسلىدە دىنىنىڭ ئاساسىغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇلاردىن بىرەرسى ئىمان ئېيتقان بولسا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە چەتكە قېقىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زاھىرىي مۇسۇلمان بولۇپ قويىدۇ، قەلبى كاللىسىغا كەلگەن نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر قۇرئان بىلەن سۈننەت ئۇلارنىڭ ياۋروپادا ئوقۇپ كەلگەن قاراشلىرىغا زىت كېلىپ قالسا، تەبىئىي ھالەتتە ياۋروپادا ئوقۇپ كەلگىنىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئالدىدا قويىدۇ، ئاندىن شۇ كىسەل قاراشلىرىنى ئىسلامغا چاپلايدۇ!» (مۇھەددىس ئەھمەد شاكىرنىڭ ئىمام ئەھمەدنىڭ«مۇسنەد ئەھمەد»نىڭ 1395-ھەدىسىگە بەرگەن ئىزاھاتىغا قاراڭ).

(2)

سۈننەتكە دەسلەپتە ھۇجۇم قىلغانلار شەرقشۇناسلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە جولد زىھىير(Goldziher) دېگەن شەرقشۇناس يەھۇدى سۈننەتكە كۆپ ھۇجۇم قىلغان، ئۇنىڭ قاتارىدا سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى ھەدىسلەردىن شەكلەندۈرگەن.

ئەپسۇسكى ھەدىسشۇناسلىقتىن خەۋىرى يوق بىر قىسىم ئادەملەر ئۇ شەرقشۇناسنىڭ قاراشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن. ئەبۇرەييە دېگەن ئادەم«سۈننەت نەبەۋىگە ئىزاھات» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىپ سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان.

ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى ۋە ئىسلامنىڭ چاچكا دەۋرى ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئەمىن شەرقشۇناس جولد زىھىيرنىڭ قاراشلىرىدىن تەسىرلەنگەن، شۇڭا ئەھمەد ئەمىنمۇ يۇقىرىقى ئىككى كىتابىدا بۇخارى ۋە مۇسلىمدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە ئەبۇھۇرەيرىگە تەنە قىلغان.

ئەھمەد ئەمىننىڭ كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئەدىب ۋە تارىخشۇناس ئۆتكۈر بىر ئادەم، ئۇنىڭ تارىخ ساھەسىدە قاراشلىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئەھمەد ئەمىن ھەدىسشۇناس ياكى ئۇسۇلى ئالىملىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ھەدىسلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

دوكتۇر مۇستاپا سىبائى«سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئورنى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە ئەبۇرەييە ۋە ئەھمەد ئەمىننىڭ بەزى قاراشلىرىغا

رەددىيە بەرگەن. دوكتور ئەبۇشۇھبە«سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىش» ناملىق كىتابىدا ئەھمەد ئەمىنگە رەددىيە بەرگەن.

شۇنداقلا، سۈننەت پەقەت قۇرئاننىڭ شەرھىسى دەپ قاراپ، سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ساھەسىنى ئىنكار قىلىدىغان ئېقىممۇ بار. باياندىرچىلار ۋە مۇستاپا ئىسلام ئوغلىغا ئوخشاش بەزى شەخسلەر سۈننەتنى مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش مەنبەسى ئەمەس، سۈننەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ شەرھىسى دەپ قارايدۇ.بۇلار قۇرئاندا دەلىل بولمىسا، سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرىپىنى ئىنكار قىلىدۇ.

دېمەك، بۇ شەرقشۇناسلارنىڭ شاگىرتلىرى سۈننەتكە -بولۇپمۇ ئىسلام ئۈممىتى قوبۇل قىلغان سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمغا-تەنە ئوقلىرىنى قارىتىش ئارقىلىق سۈننەتنى قانۇنچىلىق ساھەسىدىن چىقىرىپ تاشلىماقچى بولىشىدۇ. نەتىجىدە سۈننەت يوقالسا تەدرىجى قۇرئانغا ھۇجۇم قىلىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي... مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، تەپسىلاتىنى ئىنسان ئەقلىگە قالدۇرىدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتى دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەقىدە ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرىنى ئىخچام بايان قىلىدۇ ۋە بەزى مەسىلىلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى سۈننەت بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ ئىلمانىيلار جەمئىيەتتە يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى قۇرئاندىن تاپالمىسا، ئەقلىگە تايىنىپ ئىسلام روھىغا زىت قاراشلارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، قۇرئاندا بولمىغاندىكەن باشقىلاردىن ئالساق بولمامدۇ؟

دىمەكچى بولىشىدۇ. مانا بۇ ئىلمانىلارنىڭ سۈننەتكە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتى. بۇ ئىلمانىلار سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرالىسا، ئاندىن قۇرئانغا ھۇجۇم قىلالايدۇ... شۇڭا ئىسلامنى پارچىلاپ يوقۇتۇش سىياسىتى بويىچە سۈننەتكە ھۇجۇم قىلىشماقتا.

(3)

## سۈننەتكە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمدىن مىساللار

بىز ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان «ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرى ۋە چاچكا دەۋرى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئەمىن ھەققىدە بىر ئاز توختىلىمىز.

بىز بۇ قاراشلىرىمىزدا ئەھمەد ئەمىننىڭ كىتابلىرىنى پۈتۈن تەنقىد قىلماقچى ئەمەس، بەلكى(بولۇپمۇ سۈبھى دەۋرىدىكى)سۈننەتكە ئالاقىدار بۆلۈمىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى توغرىلىماقچى.

«سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىش»ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەبۇشۇھبە ئەھمەد ئەمىن توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«ھازىرقى بەزى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار-ئەھمەد ئەمىنگە ئوخشاش-ئىسلام پەنلىرىنىڭ تارىخى، كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىدا شەرقشۇناسلارغا ئەگەشتى، ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىگە قارشى مەيداندا تۇردى ۋە رەسمى مۇنازىرە قىلىشتى. ئەھمەد ئەمىن «ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرى ۋە چاچكا دەۋرى» ناملىق كىتابىدا بەزى نۇقتىلاردا

شەرقشۇناشلارنىڭ ئىزنىنى بېسىپ ماڭغان. شۇ ئارقىلىق ئەسەرلىرىدە ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان.

ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى كېسىلىدىن ئايرىش ساھابىلار دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان مەسىلە. ئىسلامنىڭ ھەدىسشۇناسلىق تارىخىدا مۇنداق مەشھۇر قائىدىلەر بار:«ئىسناد (راۋىنىڭ ئەھۋالى) دىنىنىڭ قاتارىدىن، ئەگەر ئىسناد بولمىغان بولسا، خالىغان ئادەم خالىغىنىنى دېگەن بولاتتى»،«ئىسناد مۇسۇلمانىنىڭ قورالى»...(سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىش ناملىق كىتابىنىڭ 376-378-بەتلىرىگە قاراڭ).

دوكتۇر مۇستاپا سىبائى«سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئورنى» ناملىق كىتابىدا،«ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى»ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئەمىن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئەھمەد ئەمىن ئىلمى ئامانەتكە لايىق ئىش قىلمىغان، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ يامان تەرەپلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن، بىراق ئۇنىڭ ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ھەدىسشۇناسلار نەزىرىدىكى ئورنىنى بايان قىلمىغان ۋە ئەبۇھۇرەيرىگە تەنە قىلىشتا جولىد زىھېرگە ئوخشاش يەھۇدى شەرقشۇناسلارغا ماسلاشقان».

ئەھمەد ئەمىن ئەبۇھۇرەيرىگە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا تۆھمەت قىلغان:

1. بەزى ساھابىلار(ئىبنى ئابباس ۋە ھەزرىتى ئائىشىگە ئوخشاش) ئۇنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى رەت قىلغان.

2.ئەبۇھۇرەيرە ھەدىسنى يېزىۋالمايتتى، بەلكى خاتىرىسىگە تايىناتتى.

3.ئەبۇھۇرەيرە رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەر بىلەن كۆپايىلەنمەي، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىنىمۇ سۆزلىگەن.

4.بەزى ساھابىلار ئۇنى تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭ راستچىللىقىدا شەك قىلغان.

5. ھەنەپىلەر، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ ھەدىسى قىياسقا زىتلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئالمايدۇ ۋە ئۇنى فەقىھ ئەمەس دەيدۇ.

6. ئويدۇرمىچىلار ئۇنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىپ نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى چاپلىغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقشۇناس جولد زىھېرنىڭ ئەبۇھۇرەيرىگە چاپلىغان تۆھمەتلىرىدۇر. ئەھمەد ئەمىنىنىڭ شەرقشۇناسلارغا ئەگىشىپ، ئۇلاردىن نەقىل كەلتۈرگەن بۇ قاراشلىرىغا ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن رەددىيە بېرىلگەن. بىز بۇ يەردە بۇ رەددىيەلەرنى بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.(«سۈننەتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئورنى» 275- بېتىدىن294- بېتىگىچە قاراڭ).

دوكتۇر مۇستاپا سىبائى يەنە «سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئورنى» ناملىق كىتابىدا ئەھمەد ئەمىنىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئەھمەد ئەمىن ئۆزىگە ئوخشاش سۈننەتكە ھۇجۇم قىلغان ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىر دېگەن يازغۇچىغا مۇنداق دېگەن: «ئەزھەر (ئۆلىمالىرى) ھۆر ئەركىن ئىلمى قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، سېنىڭ شەرقشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن توغرا تاپقان قاراشلارنى نەشىر قىلىشىنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئۇ سۆزلەرنى شەرقشۇناسلارغا نىسبەت بەرمەي، ئۆزۈڭنىڭ شەخسى تەتقىقاتى سۈپىتىدە نەشىر قىلدۇرغىن، مەنمۇ ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى ۋە چاچكا دەۋرى ناملىق كىتاۋىمدا شۇنداق قىلدىم».

شۇڭا بىز ئۇنىڭ قاراشلىرىنى، سۈننەتنى شەكلەندۈرگەنلىكىنى ۋە ئىسلامى ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلىغانلىقىنى تەنقىد قىلساق، پاك ئادەمگە تۇزاق قۇرغان بولمايمىز، بەلكى گۇماندار مۇتتەھەمگە قارىشى دەلىل-پاكىت تۇپلىغان بولىمىز. («سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئورنى»، 222-بېتىگە قاراڭ).

ئەھمەد ئەمىنىنىڭ ئىلمى ساھەسى كەڭرى بىر ئادەم، بۇنىڭدا شەك يوق. لېكىن ئۇ يۇقىرىقى ئىككى كىتابىدا بىر قانچە مەسىلىلەردە ئېنىق خاتالاشقان، نەقىل كەلتۈرۈشتە ئىلمى ئامانەتكە رىئايە قىلمىغان، ھەم مۇسۇلمان يازغۇچىغا لايىق ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش تەرەپدارى بولمىغان.

ئەھمەد ئەمىن ئوقۇرمەنلەرنى چۆچىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى بىر ئورۇندا بايان قىلماستىن ئۈستىلىق بىلەن تۈرلۈك تېمىلار ئارىسىغا چېچىۋەتكەن. ئۇ بۇخارىنىڭ ھەدىسلىرىدە ۋە ساھابىلارنىڭ ئادىللىقىدا شەكلەندۈرگەن.

دوكتۇر مۇستاپا سىبائى:«ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىغا ئوخشاش شەرقشۇناسلارنىڭ شاگىرتلىرى، شەرقشۇناسلارنىڭ ئىزىدا ماڭغان، ئۇلار شەرقشۇناسلارنىڭ خاتالىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان» دەيدۇ.(سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئورنى ناملىق كىتابىنىڭ 258-بېتىگە قاراڭ).

يەنە:«بۇمۇ سۈننەتكە قىلىنىۋاتقان يەنە بىر تۈرلۈك ھۇجۇم، بۇ ھۇجۇمنى شەرقشۇناسلارنىڭ شاگىرتلىرى بولغان مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ھۇجۇم ئېنىق شەرقشۇناسلارنىڭ ھۇجۇمىدەك ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى ئىلمى تەتقىقات پەردىسىگە ئورالغان بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپى

قوزغىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەسىلە يوشۇرۇن يوسۇندا زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى ھۆجۈمنىڭ نەتىجىسى ۋە تەسىرى بەك نىجىستۇر» يۈقىرىقى مەنبەنىڭ، 221-بېتىگە قاراڭ). د.جامال ئابدۇلھادىنىڭ«تارىختا تۈزىتىشكە تېگىشلىك خاتالىقلار» ناملىق كىتابىنىڭ 138- بېتىگە قاراڭ.

(4)

## سۈننەت چېكىدىن ئاشۇرغۇچى ۋە سەل قارىغۇچىلار ئارىسىدا

سۈننەت قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەتلەر ۋە قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار ئەمەس سۈننەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئىسلامغا نىسبەت بېرىلگۈچىلەر بىر بىرىگە زىت ئىككى تەرەپتە تۇرماقتا:

1.بىرىنچى تۈردىكىلەر سۈننەتتە كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر دەۋر، ھەر ئورۇن ۋە ھەر قانداق شارائىتتا قانۇن قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە سۈننەتنىڭ قاتارىدا ئىنسان خاراكتېرىدىن تەبئىي سادىر بولغان، ئادەتتىن سادىر بولغان، مۇھىت تەجرىبىسىدىن سادىر بولغان، مەقسەتسىز سادىر بولغان سۈننەتلەر بولۇپ، بۇلار قانۇن چىقىرىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بەزىلەر، مۇنبەر ئۈچ پايىدىن تەركىپ تېپىشى لازىم، مۇنبەرنىڭ پايىسى ئۈچتىن ئېشىپ كەتسە بىدئەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇنبەرنىڭ ئۈچ پايىدىن ئېشىپ كەتسە چەكلىنىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق.

بەزىلەر، جۈمە كۈنى خۇتبە سۆزلىگەندە ھاسا تۇتۇشنى-گەرچە ھاجىتى بولمىسىمۇ- سۈننەت دەپ قارايدۇ. ھاجەتسىز ھاسا كۆتىرۈش ئاۋارىچىلىق ۋە جاپا ئەمەسمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ياشىنىپ قالغاچقا ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىگەن ئىدى.

2.ئىككىنچــى تۇركۇمــدىكىلەر ســۈننەتنى ئەمەلىــي ھايــاتتىن ئــايرىۋەتمەكچى بولىشــىدۇ! بۇلارنىــڭ نەزىرىــدە ئــادەت، مۇئــامىلە ئىشــلىرى، ئىقتىســاد، سىياســەت، ئىــدارە ۋە ھەربى ئىشــلار... كىشىلەرگە قويۇپ بېرىلىشى لازىــم، دەپ قارىشــىدۇ. بــۇلار بــۇ ئىشــلاردا ســۈننەتنى ھېچقايســى نۇقتىــدىن ئارىلاشتۇرمايدۇ.

بــۇلار رەســۇلۇللاھنىڭ خورمــا دەرىخــى توغرىســىدا:«ســىلەر دۇنيــالىق ئىشــلىرىڭلارغا ئــۆزۈڭلار ئــالىم»دېگەن ســۆزىنى ھــۆججەت قىلىشــىۋالىدۇ. بــۇ سۆزنىڭ قايسى نۇقتىدا دېيىلگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ تەجرىبىسى يوق تۇرمۇش ئىشلىرىدىن بىرسىدە پىكرىنى دەپ باققان ئىدى، چۈنكى مەككىلىكلەر يېزا-ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانمايتتى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ:«خورما دەرىخىنى ئۇلاپ يۈرگىچە ئۆز پېتى قويۇپ قويساڭلار بولمامدۇ»دېگەن سۆزىنى سۈننەت دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، خورما دەرىخىنى ئۇلايدىغان ئىشنى قىلمىدى، نەتىجىدە خورما دەرىخى ياخشى مېۋە بەرمىدى. ئــۇلار بــۇ ئەھــۋالنى رەســۇلۇللاھغا ســۆزلەپ بەرگەنــدە، رەســۇلۇللاھ يۇقىرىقى دېگەن سۆزىنىڭ ئادەتتىكىدەك ئويلاپ دېگەن گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىــڭ بويسۇنمىســا بولمايــدىغان دىنــى پەرمــان ئەمەســلىكىنى بايــان قىلىپ:«دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارغا سىلەر ئالىم»دېگەن ئىدى.

دېمەك، يېزا-ئىگىلىك، سانائەت، مېدىتسىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار پەننى ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن، بۇ ئىشلار چوقۇم ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

مۇشۇ ھەدىسنى خاتا چۈشۈنۈپ، سۈننەتنى ئىسلامنىڭ قانۇن مەنبەچىلىكىدىن، ھايات ئىشلىرىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشنى سۈننەت رەت قىلىدۇ، قۇرئان كەرىم رەت قىلىدۇ ۋە ئىسلام پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئارقىلىق ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە: يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئېلىم-سېتىم، ئېلىش-بېرىش، نىكاھ-تالاق، ۋەسىيەت- مىراس، ئەدەب- ئەخلاق، جىنايەت-جازا، تىنچلىق-ئۇرۇش، خىلاپەت-مەنسەپ ۋە ئۇندىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قانۇن بولۇپ كەلدى.

كۆپلىگەن ئادەملەر بۇ مەسىلىلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇش ياكى سەل قاراش ھالىتىدە تۇرماقتا.

مەسىلەن، بەزىلەر رەسۇلۇللاھغا ئەگىشىش ئۈچۈن شىرە ئۈستىدە تاماق يېيىشنى، ئارا قوشۇق ئىشلىتىشنى رەت قىلىشتى. تاماق يېگەندە يەردە ئولتۇرۇش، قول بىلەن يېيىش ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى يالىتىش لازىم دەپ قاراشتى. بەزىلەر بۇ ئىشلارنى سۈننەتنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈۋېلىپ خاتالاشتى،بۇ ئىشنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىنى بىلىشمىدى.

بۇ يەردە بايان قىلىش لازىم بولغان ئىككى نۇقتا بار:

بىرىنچى: قانۇن چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن سۈننەتلەر، ئۇ سۈننەتلەردە رەسۇلۇللاھغا ئەگىشىش لازىم.

ئىككىنچى: سۈننەتنىڭ قاتارىدا قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار ئەمەس ۋە ئىتائەت قىلىش لازىم بولمايدىغانلىرى بار، بۇ مەخسۇس دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىدىغىنى.

سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار ئەمەسلىكىدىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كېلەركى ماقالىمىزدە بايان قىلىمىز.

# سۈننەت(ھەدىس) ۋەھيي ئەمەسمۇ؟

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتنىڭ قەدرىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇنى دىنــــى خۇسۇســــيەتلىرىدىن ئايرىــــپ تاشــــلاش ئۈچــــۈن، رەســــۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاددىيلا سۆزدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇممەتكە لازىم ئەمەس دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ:«ماڭا قۇرئان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىلدى»(ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى  بايان قىلغان) دېگەن ھەدىسكە تەنە قىلىشىدۇ، بۇ ھەدىسكە تەنە قىلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىشتىن توسقان دېگەن ھەدىسكە تايىنىشىدۇ. ئۇلار:ئەگەر سۈننەت ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيي بولغان بولسا، رەسۇلۇللاھ سۈننەتنى يېزىشتىن توسمىغان بولار ئىدى، بەلكى سۈننەتنىمۇ قۇرئاننى يېزىشقا بۇيرۇغاندەك يېزىشقا بۇيرۇغان بولاتتى، دېيىشىدۇ.

بەزىلىرى: ئەگەر سۈننەت ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي بولغان بولسا، سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگە كەلگىچە رەسۇلۇللاھ ئۇنى يېزىشقا ۋە خاتىرىلەشكە سەل قارىمىغان بولاتتى، دەيدۇ.

شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىشىدۇ: «(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»(نەجم سۈرىسى، 3-4-ئايەتلەر).

**بۇ شۈبھىگە جاۋاب:**

سەنەد(ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىش يولى) ۋە مەتنى(ھەدىسنىڭ ماددىسى) جەھەتتىن ساغلاملىق شەرتلىرىنى تولۇقلىغان سۈننەت شەكسىز

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىندۇر، تەبلىغ ۋە دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە ھۆججەت تۇرغۇزۇش ۋە مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى شۇنداق ۋە راستچىل بولغانلىقى ئۈچۈن كىشلەر ئۇنىڭ سۈننىتى بىلەن ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. چۈنكى قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى ياكى چەكلىمىسى بىلەن سۈننەتنىڭ بۇيرۇقى ياكى چەكلىمىسى ئارىسىدا پەرق يوق.

مانا ھەدىس شەرىف:«ماڭا قۇرئان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىلدى» دەيدۇ(ئىمام ئەھمەد 16546-نومۇرلۇق ھەدىستە، ئەبۇداۋۇد 3988-نومۇرلۇق ھەدىستە بايان قىلغان). «قۇرئان بىلەن» رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئوخشاشلىقى سان ۋە مىقدار جەھەتتىن ئەمەس بەلكى سۈپەت جەھەتتىندۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ھەقىقەت جەھەتتە ئوخشاش، چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەقىقەت، سۈننەتمۇ ھەقىقەت. ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش جەھەتتە ئوخشاشتۇر، شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇيرۇغان ۋە توسقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىتائەت قىلىش پەرز. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر نەرسىگە بۇيرۇسام كۈچىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىجرا قىلىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى بىر نەرسىدىن توسقان بولسام ئۇ ئىشتىن يىراقلىشىڭلار»دېگەن.(بۇخارى6744 -نومۇرلۇق ھەدىستە، نەسەئى 2572- نومۇرلۇق ھەدىستە ۋە ئەھمەد 7797-نومۇرلۇق ھەدىستە بايان قىلغان).

سۈنەتنىڭ ۋەھىلىكى لەۋزى(سۆز) بولسۇن ياكى مەزمۇن بولسۇن ياكى ئىلھام بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش.

سۈننەت دېگەن:رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزى ياكى ئىش ھەرىكىتى ياكى تەستىقلىشىدۇر، سۈننەتنىڭ ھەممە تۈرىدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ مۇرادىنى يەتكۈزۈشتۇر.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار نەجم سۈرىسىدىكى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ:«إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحى»يەنى «پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىلا سۆزلەيدۇ»دېگەن ئايەت يالغۇز قۇرئان ئايەتلىرىگىلا خاس، بۇ ئايەتتىكى ۋەھيي دېگەن سۆزگە سۈننەت قەتئىي كىرمەيدۇ، دەيدۇ.بىراق ئايەتنىڭ سىياقى ئۇلارنىڭ قارىشىنى رەت قىلىدۇ: «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىلا سۆزلەيدۇ»(نەجم سۈرىسى، 1-4-ئايەتلەر).

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار«ينطق» دېگەن پېئىلدىكى يوشۇرۇن ئالماش-نى رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىدۇ- بىلەن«ھو» دېگەن سۆزدىكى ئالماشنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قاراشتى، شۇڭا«ھو»دېگەن ئالماش يالغۇز قۇرئانغىلا قايتىدۇ، دەپ قاراشتى.

بىر سىياقتىكى ئالماشنى ئايرىپ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى «ھو» دېگەن ئالماشنى قۇرئانغا قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا «قۇرئان» دېگەن سۆز زىكىر قىلىنمىدى. «ھو» دېگەن ئالماش «ينطق» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىگە قايتىدۇ.يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگىنى-قۇرئان بولسۇن ياكى سۈننەت بولسۇن-ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە

بۇ ئايەتنىڭ زىكىر قىلىنىش ئورنى رەسۇلۇللاھنى قەلبىنىڭ پاكلىقى ۋە تىلىنىڭ راستچىللىقى بىلەن مەدھىيىلەش ۋە ئۇنى ئاقلاش ئورنىدا كەلگەن.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى مەدھىيلەشنى قەسەم بىلەن تەكىتلىدى: «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى»، ئاندىن رەسۇلۇللاھنى ئىزىش ۋە خاتالىشىشتىن ئاقلىدى:«سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى»، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ۋە كەلىمىسىدە كۆڭۈلنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسىنىڭ تەسىرلىرىنى ئىنكار قىلدى:«(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ»، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلىگەن نەرسىسىنى ۋەھيي دەپ كەسكىن ئىپادىلىدى. ئۇنداقتا«إن هو» دېگەندىكى ئالماش يالغۇز قۇرئاننىڭ ئۆزىگىلا قايتىدۇ، دېيىشكە نېمە دەلىل بار؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان بىلەن سۆزلىگەندەك سۈننەت بىلەنمۇ سۆزلەيدىغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار-يەنى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىنساپلىق بولسا-«إن هو» دېگەندىكى ئالماشنى رەسۇلۇللاھ سۆزلىگەن ھەر قانداق- مەيلى ئۇ قۇرئان بولسۇن ياكى ئاللاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزىدىغان سۈننەت بولسۇن- نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىشى لايىق ئىدى.

ئالىملار قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەھىيلىكى بىلەن سۈننەتنىڭ ۋەھىيلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇنداق دېيىشتى:

* قۇرئاننىڭ ۋەھىيلىكى سۆزى ۋە مەنىسى بىلەن بولغىنىدۇر، شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلىش قەتئىي توغرا بولمايدۇ.

سۈننەتنىڭ ۋەھىيلىكى مەنىسى بىلەن بولغىنى بولۇپ، سۆز رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدۇر، سۈننەتنى زۆرۈر تېپىلغاندا-يېزىشتا ئەمەس سۆزلەش نۇقتىسىدىن-مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلىش دۇرۇس.

*ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەھىيسى ئوچۇق ۋەھىي، سۈننەتنىڭ ۋەھىيسى يوشۇرۇن ۋەھىي، سۈننەتمۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھىيدۇر،بۇ مەزمۇننى قۇرئان كەرىم تەكىتلەيدۇ:«ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى)نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر» (نىسا سۈرىسى، 113-ئايەت).

مانا بۇ پاكىتلاردىن كېيىن سۈننەتنى ۋە سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ شۈبھىسى ئەقىل ئىگىلىرى ئالدىدا قوبۇل قىلىنامدۇ؟!

سۈننەتنىڭ لەۋزى(سۆزى) جەھەتتىن ئەمەس، مەزمۇن جەھەتتىن ۋەھىي بولغانلىقى سۈننەتنىڭ قەدرىنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. بەزى ھەدىسلەرنىڭ رىۋايىتى ئوخشاشمايدۇ،بۇ ئوخشاشماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلاشنىڭ تۈرلۈك بولىشى مۇمكىن. سەھىھ سۈننەتتىكى بۇ ئىشلار خۇددى قىرائەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سەھىھ قىرائەتنىڭ ھەممىسى قۇرئاندۇر. (بۇ تېمىدا تېخىمۇ تەپسىلى ئىزدىنىش ئۈچۈن مۇپەسسىر شەيخ سابۇنىنىڭ«سۈننەت ۋەھىينىڭ بىر تۈرى»ناملىق كىتابىغا قاراڭ).

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار، سۈننەتنىڭ ۋەھىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە قۇرئان بىلەنلا ماڭساق بولىدۇ، دەپ سۈننەتنى تەرك ئېتىدىغانلار ئەھلى سۈننى يولىدىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇنلاردىن ئىبارەت.

## «سۈننەتنىڭ مەنبەسى خاتالىقتىن خالى ئەمەس»دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتكە تەنە قىلىش ۋە سۈننەتنى قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۈننەتنىڭ مەنبەسى بولغان رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا شۈبھى پەيدا قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەسۇلۇللاھغا ئاداۋەت ئىلان قىلىشىدۇ، رەسۇلۇللاھنى مۇقەددەس بىلىدىغان ۋە ئۇنى خاتالىقتىن خالى(يەنى مەئسۇم) دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشىدۇ!

ئىلمانىيلارنىڭ بۇ شۈبھىسىدا خورمىنى ئۇلاش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىستىن باشقا دەلىلى يوق. ئۇلار دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن قىسسە مۇنداق:رەسۇلۇللاھ خورما دەرىخىنى ئۇلاۋاتقان بىر توپ ئادەملەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا :«ئۇنداق قىلىپ يۈرمىسەڭلا بولمامدۇ» دەپ ئىشارەت قىلغان ئىدى(يەنى ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن). شۇ سەۋەبتىن(يەنى خورمىنى ئۇلىمىغانلىقتىن) شۇ يىلى خورما ياخشى مېۋە بەرمىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلغان چاغدا رەسۇلۇللاھ:«دۇنيالىق (تىرىكچىلىك) ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر»دەپ جاۋاب بەرگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇشۇ ھەدىسنى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھغا تىل تەككۈزۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشتى ۋە رەسۇلۇللاھ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش توغرا قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ، ئۇ خاتالىقتىن خالى زات ئەمەس ۋە مۇقەددەس ئىنسان ئەمەس دەپ جەزملەشتۈرۈشتى.

ئۇلار: ئەگەر رەسۇلۇللاھ سۆزلىگەن ياكى ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشلار ۋەھيي بولىدىغان بولسا، خورما دەرىخىنى ئۇلاش مەسىلىسىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ رەسۇلۇللاھ خورما دەرىخىنى ئۇلاشتىن توسقان ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مەھسۇلات ئوخشىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسۇلۇللاھ:«دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر» دېدى. ئەگەر مۇشۇ ھەدىس ۋەھيي بولىدىغان بولسا ئاللاھ ئۆزى بىلەن زىتلىشامتى؟...مانا رەسۇلۇللاھنىڭ:«دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر»دېگەن سۆزى خورمىنى ئۇلاشتىن چەكلەش سەۋەبلىك مەھسۇلاتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىنسانىي خاتالىق توغرىسىدىكى ئەدەبلىك ئۆزرە ئېيتىشتىن ئىبارەت. مۇھەممەد (يەنى رەسۇلۇللاھ) خاتالىق، سەۋەنلىك ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن خالى ئەمەس (يەنى خاتالىشىدۇ)، چۈنكى ئۇ بىر ئىنسان دېيىشتى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئاداۋەت باردەك)توغرىسىدىكى سۆزى. بۇلارنىڭ مەقسىتى يەنى دېمەكچى بولغىنى رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان نەرسە ۋەھيي ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن مەسۇم(خاتالىقتىن خالى)لىقنى ئىنكار قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىنسان، ئىنسان دېگەن خاتالىشىدۇ ۋە توغرا قىلىدۇ، شۇڭا رەسۇلۇللاھ خاتالىقتىن خالى زات ئەمەس دېگەن يالغان داۋاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خورما دەرىخىنى ئۇلاش ھەدىسىنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرۈشتى. بۇ ئىلمانىيلارنىڭ نەزىرىدە رەسۇلۇللاھنىڭ خاتالىقى پەقەت مۇشۇ بىر ھەدىستە ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان بارلىق ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بۇ شۇبھىگە جاۋاب:**

بۇ كۆمۈلۈپ قالغان نادانلار ياكى ئازغۇنلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە يامانلىق قىلىشتىن ساقلانمايدۇ.

يېرىم ئەسىر ئىلگىرى بۇ قاراشتىكىلەرگە يېتۈك ھەدىسشۇناس ئەھمەد شاكىر تاقابىل تۇرغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن:«بۇ ھەدىسنى دەۋر ئاتېئىستلىرى ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ شاگىرتلىرى تەنتەنە قىلىپ، ئەھلى سۈننى ۋە شەرىئەتنى قوغدىغۇچى ئالىملارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاساس قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئىلمانىيلار سۈننەتتىن بىر نەرسىنى ئىنكار قىلماقچى بولسا ياكى شەرىئەتنىڭ بىرەر ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلماقچى بولسا مۇشۇ ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ... بۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلىدۇ!».(ئىمام ئەھمەدنىڭ«مۇسنەد»ناملىق كىتاۋىنىڭ 1395-نومۇرلۇق ھەدىسىنكى ئەھمەد شاكىرنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ).

ھەدىسشۇناس ئەھمەد شاكىر سۈپەتلىگەن بۇ ئاتېستلار ۋە ئىلمانىلار دۇنيا ئىشلىرى ئىسلام تەلىماتى ۋە كۆرسەتمىسىگە بويسۇنمايدۇ، دېگەن قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدىغان ئىدى. بۇ يەردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ دەلىلنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ خاتالىقتىن خالى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى دەستەك قىلىشتى. بۈگۈنكى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتنى يىلتىزىدىن ئۈزۈپ تاشلاشنى ئىرادە قىلىشىدۇ...

## رەسۇلۇللاھ خاتالىقتىن پاك:

ئىسلام ئالىملىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش ساھەسىدە مەسۇم(يەنى خاتالىقتىن خالى) لىقىغا بىرلىككە كەلگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىقتىن خالى ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئىشلاردا كۆرۈلىدۇ:

* پەيغەمبەرلىكنى يوشۇرۇش، پەيغەمبەرلىكنى يالغاندىن داۋا قىلىش، ئاللاھ چۈشۈرگەن قايسى بىر ھۆكۈمنى بىلمەسلىك، تەبلىغ قىلىشتا سەل قاراش، شەيتانىنىڭ ئۇلارغا پەرىشتە سۈپىتىدە كۆرۈنىشى، شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشى ياكى ئۇلارنىڭ خىيالىنى ئىگەللىۋېلىشى، ۋەھيي ئىشلىرىدا يالغان سۆزلەش، ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمنىڭ ئەكسىنى بايان قىلىش پەيغەمبەرلەر ھەققىدە مۇمكىن ئەمەس.(ئابدۇغەنى ئابدۇلخالىقنىڭ«سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى» ناملىق كىتابىنىڭ 96-بېتىگە قاراڭ).

* تەبلىغ ساھەسىدە پەيغەمبەرلەرگە ۋاجىپ بولغان ۋە تەبلىغقا ھېچ قايسى جەھەتتىن قارىشى ئىشنىڭ سادىر بولمايدىغانلىقىدىكى بۇ «مەسۇملۇق» پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى دىنىنىڭ ئاساسلىرى، تارماقلىرى ۋە تەكلىپ(مەسئۇلىيەت) ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ قارىشىمىزنىڭ شەرئى دەلىلى كۆپ. ئاللاھ قانچىلىغان ئايەتلەردە پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ، ئەگەر ئۇلار تۆھمەت ياكى خاتالىق ياكى سەۋەنلىك ياكى ئۇنتۇپ قېلىش گۇماندارى بولغان بولسا، ئاللاھ بىزنى ئۇلارغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى.

ئـاللاھ تائـالا رەسـۇلۇللاھ توغرىسـىدا:«سـىلەرگە-ئـاللاھنى، ئـاخىرەت كـۈننى ئۈمىـد قىلغـان ۋە ئـاللاھنى كـۆپ يـاد ئەتكەنلەرگـەرەسۇلۇللا ئەلـۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت).

ئاللاھنـىڭ رەسـۇلۇللاھ توغرىسـىدىكى بـۇ باھاسـى ئەمەلـىيەتكە ئۇيغـۇن چىقماسـلىقى مـۇمكىـن ئەمەس. رەسـۇلۇللاھنى ئاقلىغـان، ئۇنىڭغـا مۇسـتەقىل ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغـان ۋە ئۇنىڭغـا ئەگەشكەنلەرنى مەدھىيلىگەن ئايەتلەر نىمىدېگەن كۆپ!

پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسۇملىقى شەرىئەت بىلەن ۋاجىپ بولغاندەك ئەقىل بىلەنمۇ ۋاجىپ، چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇلارنى كەسـكىن تەسـتىقلاش ۋاجىـپ. ئەگەر-ئەقىـل جەھەتـتىن- ئۇلارنىـڭ ئـاللاھ ھەققىدىكى تەبلىغ ئىشلىرىدا خاتالىشىپ قېلىشى مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئـۇ چاغـدا ئۇلارنـىڭ ئاللاھـدىن يەتكۈزۈۋاتقـان سـۆزلىرى ۋە ئىـش ھەرىكەتلىرىـدە شـەك پەيـدا بولىدۇ، ئـۇ چاغدا ئـۇلارنى كەسـكىن تەسـتىقلاش مـۇمكىن بولمـاي قالىدۇ،شەرىئەت ھەيۋەتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق بولىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مـانا بۇ مۆمىنلەرنىـڭ ئەقىدىسى. سۈننەتنى رەت قىلىش ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىشقا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى خاتالىقتىن خالى ئەمەس دەپ قارايدىغانلار چـوڭ خاتالىق ئۆتكـۈزگەن بولىدۇ، دىنىدىن زۆرۈر بولغـان نەرسىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ ۋە ئېغىر گۇناھ قىلغان بولىدۇ.

## خورما ھەدىسىدە ئۇلارغا پاكىت يوق:

ئـۇلار خورمـا دەرىخىنـى ئـۇلاش ھەدىسـىدە رەسـۇلۇللاھدىن خاتالاشماسلىقنى ئىنكار قىلىشقا دەلىل بار دەپ خىيال قىلىشىپ قالدى. بۇ

ھەدىستە ئۇلار ئۇچۇن دەلىل يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ نادانلىقى ۋە تەرسالىقىغا پاكىت بار. ئۇلارنىڭ سۈننەت، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇممەتكە قىلغان سۈيىقەستلىرى دائىم بەربات بولىدۇ...

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ ھەققىدە تەبلىغ قىلىش ياكى فىقھى قائىدە ئورنىتىش ياكى شەرئى ھۆكۈمنى بايان قىلىش ساھەسىدە كەلگەن ھەدىس ئەمەس. ئۇ ھەدىس ئىنسانىي تەجرىبىگە بويسۇنىدىغان ئىشلار ھەققىدىكى مەسىلىھەتتىن ئىبارەت، رەسۇلۇللاھ يېزا-ئېگىلىك مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ئەۋەتىلمىدى، دۇنيالىق (يەنى تىرىكچىلىك) ئىشلار توغرۇلۇق ۋەھىي چۈشمىدى ۋە پەيغەمبەر ئۇ سەۋەب ئۇچۇن ئەۋەتىلمىدى. بۇ ئىشلار دېگەن ئىنسان ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدىغان، بىر تەجرىبىدىن يەنە بىر تەجرىبىگە يۆتكىلەلەيدىغان ۋە ئەڭ ياخشىسىنى تاللىيالايدىغان ئىشلاردۇر.

مانا بۇ ئىشلار ئەقىل ۋە تەجرىبە بىلىمىنىڭ ساھەسىدۇر، شەرىئەت بۇ ئىشلاردا ھالال-ھارام، جائىز ۋە مەكرۇھلىقتا ئالاقىدار تەرىپىدىن باشقا تەرەپلىرىگە ئارىلاشمايدۇ.

مانا بۇ قاراشنى خورما ئىگىلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ:«مەن بىر ئىنسان، مەن سىلەرنى دىنىڭلاردىن بىر ئىشقا بۇيرۇسام ئۇنى ئېلىڭلار. ئەگەر مەن سىلەرنى ۋەھىيگە ئەمەس، كۆز قارىشىمغا تايىنىپ بىر ئىشقا بۇيرۇسام، مەن بىر ئىنسان» دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن سۆزى ئىسپاتلايدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار باشقا مۇناسىۋەتلەردىمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن، بەدرى ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ئەسكەرلەرنى بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، بىر ساھابىنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتتى.

خەندەك ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ غەتفان قەبىلىسىنىڭ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىك شەرتى ئاساسىدا ئۇلارغا مەدىنە شەھىرىنىڭ مېۋىسىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ ئىتتىپاق كېلىشىمى ئورناتماقچى بولغان ئىدى، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىنىڭ داھىيلىرى بولغان ئىككى سەئىدنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ئۇ قارىشىدىن يانغان.

خورما دەرىخىنى ئۇلاشمۇ مۇشۇ مىساللارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. دېمەك، خورما توغرىسىدىكى ھەدىس قانۇن چىقىرىش بىلەن ئالاقىسى يوق، مەسلىھەت تەرىقىسىدىكى ھەدىستىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن شۇ ئېنىق چىقىپ تۇرىدىكى، سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ خاتالىقتىن خالى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئېزىپ كەتكەن ۋە باشقىلارنى ئازدۇرغان. ئۇلار بۇ ئاقماس داۋاسىدا ئاداۋەتخور خرىستىئانلار، ھەسەتخور شەرقشۇناسلار ۋە جاھىل ئىلمانىلارنىڭ گۇمانلىرىنى تەكرارلىغان ۋە ئۇلارنى دورىغان.

ئۇلارنىڭ شۇبھىلىرى ۋە سۈيقەستلىرى يوقىلىدۇ ۋە تارازىدا توختىمايدۇ، ھەقىقەت قىيامەتكىچە تاغدەك ئۈستۈن تۇرىۋېرىدۇ.

بىز«تارىخ ۋە دىن»دېگەن ماقالىمىزدە غەربلىكلەر پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «پەيغەمبەر» دېگەندىن كۆرە «ئىسلاھاتچى» دەپ تونۇشتۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىدۇ، دېگەن ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرببلىكلەرنىڭ بىرسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنيادىكى يۈز مەشھۇر شەخسىنىڭ بىرى قىلىپ تونۇشتۇرغان، بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد باشقىلاردىن يوقىرى نەتىجە قازانغان ئىسلاھاتچى ئىدى دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرمەكچى بولغان ۋە مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى چەتكە قايرىپ قويغان. مانا بۇمۇ چىرايلىق

ئاتالغۇ ئاستىدا ۋە تارىخ پەلسەپىسى ئاستىدا رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئىبارەت.

شۇڭا غەربلىك شەرقشۇناسلار ۋە تارىخچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ، رەسۇلۇللاھنى ماركس، لېنىن، ئېينىشتېيىن ...دىن ئىبارەت 100 كىشىنىڭ قاتارىغا تىزىپ قويغان. بۇ قاراش رەسۇلۇللاھنى مەدھىيىلىگەنلىك بولماستىن بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ماقامىنى ۋە ئورنىنى چۈشۈرگەنلىكتۇر. قانداقمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ رەھبىرى، ئىنسانىيەتنىڭ قوياشى، نۇرى، قۇتقازغۇچىسى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە رەھبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ئالىملار، ئىسلاھاتچىلار، ئاتېستلار ۋە بۇزغۇنچىلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىپ قويۇش قانداقمۇ توغرا بولسۇن! مانا بۇمۇ غەربنىڭ ئىسلام پەيغەمبىرىنى پەيغەمبەر ئەمەس بەلكى ئىسلاھاتچى دەپ تونۇشتۇرۇشنىڭ بىر يولىنىشىدۇر. ئىسلاھاتچى دەپ تونۇشتۇرۇلغاندا ئۇنىڭ مەسۇملۇق (خاتالىقتىن ساقلىنىش) سۈپىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ!

رەسۇلۇللاھنى خاتالىقتىن خالى ئەمەس دەيدىغانلار، شۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىلمانىيلار غەربنىڭ ئىدىيىسىدىن تەسىرلەنگەن ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ پىكىرلىرىدىن تەلىم ئالغان سۈننەتنىڭ دۈشمەنلىرى بەلكى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر.

## «سۈننەت مۇستەقىل قانۇن چىقىرالمايدۇ» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتتىن شەكلەندۈرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىۋېتىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىدا سۈننەتنىڭ مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. شەكلەندۈرۈشتىن ۋە يوقىتىۋېتىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھەر ئىككى ئەھۋالدا بۇ ھىيلىگەرلەر سۈننەتكە شۈبھە قوزغايدۇ، ئۇلارنىڭ شۈبھىسى سۈننەتنىڭ رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قالماستىن بەلكى سۈننەتنى مومىيالاپ قاتۇرۇپ قويۇشقا ۋە سۈننەتتىكى روھىي كۈچ-قۇۋۋەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ.سۈننەت ئۈممەتكە نىسبەتەن سۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەگەر بۇ سۇ بولمىسا ئۈممەت ھايات كەچۈرەلمەيدۇ .

ئۇلار(يەنى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار) قۇرئان كەرىمدىن ئاساسى بولمىغان ھەر قانداق سۈننەت مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سۈننەت قۇرئاننىڭ بايانى خالاس. ئۇلار سۈننەت مۇستەقىل چىقارغان قانۇن ۋە ئەھكاملارنى قۇرئانغا زىت دەپ ئېتىبارغا ئالىدۇ، قۇرئانغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن باتىل دېمەكچى بولىشىدۇ.

بىز ئىلگىرى سۈننەت-مەيلى ئۇ بايانى سۈننەت بولسۇن ياكى مۇستەقىل قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەت بولسۇن(بىلەن قۇرئان ئارىسىدا ھەرگىز زىتلىق مەۋجۇد ئەمەس) دېگەن ئىدۇق. شۇنداقلا «سۈننەتنىڭ مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتى» دېگەن تېمىدا تەپسىلى توختالغان ئىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ بۇ تېمىدا يەنە بىر ئاز توختىلىشنى توغرا تاپتۇق.

## بۇ شۇبھىگە جاۋاب:

سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئەقىللىق ۋە ئىنساپلىق ئادەم ئىنكار قىلمايدۇ، قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىلەرنى ئىخچام ئىشارەت قىلغان بولسىمۇ تەپسىلاتى توغرىسىدا ھېچقانداق ھۆكۈم بايان قىلمىغان. مانا بۇ-گەرچە جاھىللار ۋە تۈزكۈرلار تانسىمۇ- ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر.

مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار سۈننەت يولى بىلەن كەلگەن ئەھكاملار ساناقسىز، مەسىلەن:

* فىتىر زاكىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھكاملارنىڭ ۋاجىپلىق دەلىلى سۈننەت يولى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

* قىز ۋە ئۇنىڭ ھاممىسىنى بىر ۋاقىتتا بىرلەشتۈرۈپ نىكاھ قىلىشنىڭ ھاراملىقى سۈننەتتە ئىسپاتلانغان.

*قۇرئان كەرىم نەسەب ئالاقىسى ئارقىلىق يېقىن تۇغقانلار بىلەن توي قىلىش ھارام بولغانلارنى بايان قىلغان بولسا، سۈننەت ئېمىلداشلىق يولى ئارقىلىق ھارام بولغانلارنى بايان قىلىپ: «نەسەبتىن ھارام بولغان نەرسە ئېمىلدەشلىكتىمۇ ھارام بولىدۇ» دېگەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قۇرئان كەرىمدە ئېمىلدەشلىكتىن توي قىلىش ھارام دەپ بايان قىلىنغانلار پەقەت ئانىلار ۋە ئاچا-سىڭىللار ئىدى(نىسا سۈرىسى 23-ئايەت).

*قۇرئان كەرىم يېيىش ھارام بولغان ھايۋانلاردىن ئۆلۈك نەرسە، چوشقا گۆشى، قان...نى بايان قىلغان بولسا، سۈننەت يىرتقۇچ خاراكتېردىكى قۇشلارنى،

ئېزىق چىشقا ئىگە يىرتقۇچ هايۋانلارنى ۋە ئۇۋي ئىشەكلىرىنى يېيىشنى هارام قىلدى.

*سۈننەت خوشنىلارغا«شۇپئەتچىلىك»(يەنى خوشنىدارچىلىق هەققى) نى قارار قىلدى، شۇپئەتچىلىك دېگەن بىر ئادەم ئۇۋي ۋە يەر زېمىنلىرىنى ساتماقچى بولسا دەسلەپتە خوشنىسىغا بىلدۈرۈشى كېرەك، خوشنىسى ئۇ يەر زېمىنلارنى سېتىۋېلىشقا باشقىلاردىن بەكرەك هەقلىق دېگەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەهكام توغرۇلۇق هېچقانداق هۆكۈم يوق.

*قۇرئان كەرىم مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئۆلۈپ قالغان نەرسىلەرنى يېيىشنى هارام قىلدى. سۈننەت بولسا دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان نەرسىلەرنى مۇستەسنا قىلىپ(ئايرىپ چىقىرۋېتىپ) هالال دەپ هۆكۈم قىلدى، بۇ هۆكۈم بۇگۈنگىچە ئەمەل قىلىنىپ كەلمەكتە.

*قۇرئاندا هايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ هۆكمى كەلمىدى، يەنى ئۇنى يېيىش هالالمۇ ياكى هارامىمۇ بۇ توغرىدا قۇرئاندا هۆكۈم يوق ئىدى. سۈننەت بۇ مەسىلىنى بايان قىلىپ:«ئانىسىنىڭ بوغۇزلانغانلىقى تۆرەلمىنىڭ بوغۇزلانغىنىدۇر» (ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى)دەپ بايان قىلىپ بەردى.

مانا بۇ سۈننەت مۇستەقىل هالەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ئەهكاملاردىن تامچە...

سۈننەتنىڭ مۇستەقىل قانۇن چىقىرىشىنىڭ مەنىسى سۈننەت هۆكۈمنىڭ دەلىلى ۋە پاكىتى بولالايدۇ دېگەنلىكتۇر، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز خالىغانچە قانۇن يولغا قويىدۇ دېگەنلىك بولمايدۇ. مۇئەييەن هۆكۈمنى سۈننەت مۇستەقىل يولغا قويسا يەنىلا ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە بۇيرۇقى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى-ئۇ قانۇننىڭ هۆكمى قۇرئان بولسۇن ياكى سۈننەت بولسۇن-قانۇن چىقىرىش ئىگىسى ئاللاھدۇر.

لېكىن سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ مەسىلىلەر شۇنداق روشەن تۇرسىمۇ كۆز يۇمۇشىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غايە ۋاستىنى ئاقلاپ بېرىدىغانلىقىدا شەك يوق...

# «سۈننەتنى ئالماي قۇرئان بىلەن كۇپايىلەنگۈچىلەر»نىڭ شۇبھىسىگە جاۋاب

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار قوزغاپ چىققان شۇبھىلارنىڭ ئومۇمىسىغا نەزەر تاشلىغان كىشى، ئۇ شۇبھىلارنىڭ(تۈرلۈك بولسىمۇ) ئىككى تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بىرسى ئاساس، يەنە بىرسى-ئاساسلىق شۇبھىسىدە مەغلۇب بولسا ئىشقا سالىدىغان-ئورۇنباسار شۇبھىدۇر.

بىرىنچى تۈرى:سۈننەتنى-يالغان دېگەن ئېتىبار بىلەن-پۈتۈن يوققا چىقىرىۋېتىش ۋە سۈننەت بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى: ئېھتىياتى چارە بولۇپ، سۈننەتنى يوقىتالماي قالسا، داۋاملىق سۈننەتنىڭ يۈزىگە شەك-گۇماننى تەڭلەپ تۇرىدۇ(يەنى توختىماي شەك-شۇبھە قوزغاپ تۇرىدۇ).

خۇددى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە سۆزى: رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىلگەن سەھىھ سۈننەت دىنىنىڭ قاتارىدىن ئەمەس، مۇسۇلمانلار بۇ سۈننەتكە مۇھتاج ئەمەس دېمەكچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلاردىن:سۈننەتتىن بىھاجەت بولۇشنىڭ نېمە ئاساسى بار؟دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار:قۇرئاننىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ شۇبھە ئىككىنچى تۈردىكى شۇبھىدۇر، يەنى سۈننەتنىڭ رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغانلىقىغا قايىل بولغان ۋاقتىدا سۈننەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش نەتىجىسىدۇر. ئەگەر سىز بۇلارغا مۇسۇلمانلار سۈننەتكە

تايانمىسىمۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ، دەيدىغانغا نېمە پاكىتىڭىز بار؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار سىزگە ئاللاھنىڭ بىر قانچە ئايىتىنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

1. ئاللاھنىڭ سۆزى:«ما فَرَّطْنا فِي الْكِتابِ مِنْ شَيْءٍ»(ئەنئام، 38-ئايەت).

2. ئاللاھنىڭ سۆزى:«أَوَلَمْ يَكْفِهِمْ أَنَّا أَنْزَلْنا عَلَيْكَ الْكِتابَ يُتْلى عَلَيْهِمْ إِنَّ فِي ذلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرى لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ»ئەنكەبۇت سۈرىسى،51-ئايەت).

مانا بۇ بۇلارنىڭ دەلىلى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا دەلىلى يوق.

(1)

**<u>بۇ شۇبھىگە رەددىيە:</u>**

بىز بۇ شۇبھىگە ئىككى نۇقتىدىن رەددىيە بېرىمىز.

بىرىنچى:ئىككى ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ خاتالىقى،

ئىككىنچى:دەۋرلەر بويى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىن جاۋاب بېرىمىز.

**1. ئىككى ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ خاتالىقى:**

بىرىنچى ئايەتنى دەلىل كۆرسىتىش خاتا، چۈنكى بىرىنچى ئايەتتىكى «كىتاب» دېگەن سۆزدىن مەقسەت«لەۋھۇلمەھفۇز»دۇر. ئۇ(يەنى لەۋھۇلمەھفۇز)دا ئاللاھ بولۇپ بولغان، بولىۋاتقان ۋە بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈپ قويماي تەپسىلى يېزىۋەتكەن.

ئاللاھ يۇنۇس سۈرىسىدە مەزكۇر ئايەتتىكى«كىتاب»سۆزىنىڭ لەۋھۇلمەھفۇزنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئايەتتىن يەنە بىرنى نازىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«وَما تَكُونُ فِي شَأْنٍ وَما تَتْلُوا مِنْهُ مِنْ قُرْآنٍ وَلا تَعْمَلُونَ مِنْ عَمَلٍ إِلاَّ كُنَّا عَلَيْكُمْ شُهُوداً إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ وَما

يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلا فِي السَّماءِ وَلا أَصْغَرَ مِنْ ذلِكَ وَلا أَكْبَرَ إِلاَّ فِي كِتابٍ مُبِينٍ» يەنى«سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقىتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر» دەيدۇ. (يۇنۇس سۈرىسى، 61-ئايەت).

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ئوخشىشى بار. مەزكۇر ئايەتتىكى «كىتاب» دېگەن سۆزدىن مەقسەت لەۋھۇلمەھفۇزدۇر. مانا بۇ ئۆتكۈر ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ تەپسىرى ۋە كۆز قارىشىدۇر. دېمەك، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن بىرىنچى دەلىلى ئورۇنسىز دەلىل بولۇپ تارازىدا توختىمايدۇ.

گەرچە بىرىنچى ئايەتتىكى «كىتاب»دېگەن سۆزدىن مەقسەت قۇرئان دېيىلگەندىمۇ، قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن بىھاجەت بولىدۇ، دەيدىغان ئۇقۇمنى بەرمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئازغىنا بىر قىسىم ئەھكاملارنى بايان قىلدى. قۇرئاننىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنىڭ مەنىسى:قۇرئان كەرىم ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىلىلەر، شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتمىلىرى ۋە ئومۇمى قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، دېگەن بولىدۇ. قانداقتۇر ئۇ سۆزدىن قۇرئان كەرىم ھايات ساھەسىدىكى بارلىق ئەھكاملارنى تەپسىلى بايان قىلدى، دېگەن ئۇقۇم ھەرگىز چىقمايدۇ. كىم شۇنداق دەۋا قىلسا ئەخمەق، نادان ياكى گەپ قىلىپ يۈرۈشكە يارىمايدىغان تەرسا ئادەمدۇر. دېمەك، ئۇلارنىڭ:«ما فَرَّطْنا فِي الْكِتابِ مِنْ شَيْءٍ»(ئەنئام سۈرىسى، 38-ئايەت)كەلتۈرگەن دەلىلى خاتا ۋە ئورۇنسىزدۇر.

ئۇلارنىڭ:«أَوَلَمْ يَكْفِهِمْ أَنَّا أَنْزَلْنا عَلَيْكَ الْكِتابَ يُتْلى عَلَيْهِمْ»يەنى(بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا(مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟»(ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51-ئايەت).

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دەلىلىنىڭ بايانى ۋە ئىزاھاتى بۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك.ئىلگىرىكى ئايەت:«ئۇلار:«نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ»دېدى. ئېيتقىنكى«مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر(مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 50-ئايەت).

بۇ يەردە قۇرئان مۇشرىكلارنىڭ:«ئاللاھ نېمە ئۈچۈن مۇھەممەدكە مۆجىزىلەرنى چۈشۈرمەيدۇ» دەپ ئۆز ئارا سورىشىۋاتقان سۆزىنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ سۆزنى دېگەن چاغلىرىدا قۇرئان كەرىمدىن كۆپ سۈرىلەر ۋە ئايەتلەر چۈشۈپ بولغان، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بۇ قۇرئاننى تەكرار ئاڭلاتقان، قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت ئۇسلۇبى ئۇلارنى ئاجىز كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ قەلب، ئەقىل ۋە تۇيغۇلارغا تېز تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن قۇرئان كەرىمنى سېھىر ۋە شېئىر دەپ سۈپەتلەشكەن ئىدى. ئۇلار يۇقىرىقى تۆھمەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننى-بالاغەت مۆجىزىلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق-بالاغەت مۆجىزە كۆرسىتىملىرىدىن ئايرىۋېتىشتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۆجىزىسىز ھالدا پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچى، دەپ قاراشتى.

مانا شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇبھىلىرىنى مات قىلغۇچى سۆزىنى چۈشۈردى:«بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا)كۇپايە قىلمىدىمۇ؟» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51-ئايەت).

يەنى قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاشقا يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ پاساھەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى كەسكىن بىلىشەتتىغۇ!

مانا يۇقىرىقى پاكىتلىرىمىزدىن كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئۇلار ئايەتنى ئۆز ماقامىدىن يۆتكىۋېتىشتى، مەنىسىنى قەستەن بۇرمىلاشتى، مەنىلەرنى بۇرمىلاش سۆزلەرنى بۇرمىلاشتىن قەبىھلىك جەھەتتە تۆۋەن كەلمەيدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن ئىككى دەلىلى نەزەردىن ساقىتتۇر.

(2)

ئىككىنچى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن تارتىپ قۇرئان ۋە سۈننەتكە تەڭ ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقتۇر. شۇڭا قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سۈننەت بولمىسىمۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىلا كۇپايە دېگەن سۆز زادى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار ھاياتىدا مۇھتاج بولىدىغان چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. بەلكى سۈننەت(ھەدىس)مۇ-گەرچە كۆپ تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ-مۇسۇلمانلار ھاياتىدا مۇھتاج بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن بوش قالغان تارماق بوشلۇقلارنى -ھېكمەت سەۋەبىدىن- قۇرئان ۋە سۈننەت روھىدىن ئېلىنغان باشقا ۋاستىلەر بىلەن توشقۇزۇشقا دەسلەپكى ئەسىردىن تارتىپ ھىدايەت قىلدى.

**باشقا ۋاستىلەر:**

ئىجما(ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى)، قىياس، ئومۇمىي مەنپەئەت... لەر(يەنى قۇرئان-سۈننەتكە تەۋە قوشۇمچە مەنبەلەر) بولۇپ بۇ ۋاستىلەر فۇقاھالار ئىچىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، چۈنكى ھايات ئىشلىرى كەڭرى ۋە يېڭىلىقلار ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان تارماق ۋاستىلىرى ئارقىلىق يېڭى ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ ۋە تۇرالايدۇ.

شۇڭا شەرىئەتنىڭ قانۇن چىقىرىش مەنبەسىنى يالغۇز قۇرئانغىلا چەكلەپ قويۇش دۆتلۈكتۇر. قۇرئان كەرىم قانۇن چىقىرىش مەنبەسىنىڭ ئەسلى ئاساسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەمما قۇرئان كەرىم يۇقىرىقى ئۆزىدىن ئېلىنغان بارلىق پرىنسىپال ئاساس ۋە ۋاستىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ، دېگەن سۆزنى بىر ئاز بىر نەرسە بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم دېمەيدۇ.

قۇرئاننىڭ ئۆزىلا كۆپىيە دېگەن قاراش قۇرئاننى مۇمىيالاش (قاتۇرۇپ قويۇش) ۋە ئۇممەتنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىدىغان چاقىرىقتۇر. سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلىدۇ، بىراق ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىنىڭ تەمە ۋە خام-خىياللىرىنى ھېس قىلماستىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىرادە قىلىشىدۇ.

**<u>ئىسلامنىڭ ئەمەلي ئاساسلىرىنى يوققا چىقىرىپ تاشلاش:</u>**

ئەگەر سۈننەت بولمايدىغان بولسا ئىسلامنىڭ: ناماز، زاكات، رامىزان ۋە ھەجدىن ئىبارەت تۆت ئاساسى يوققا چىقىدۇ.

* چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ناماز ئەھكاملىرىنىڭ پەرزلىكى ۋە نامازنى ياخشى ئادا قىلىشتىن باشقا ئەھكاملىرى تېپىلمايدۇ.

* قۇرئان كەرىمدە زاكاتنىڭ پەرزلىكى ۋە زاكات بېرىلىدىغان سەككىز تۈرلۈك ئادەمدىن باشقا ئەھكاملىرى تېپىلمايدۇ.

* قۇرئان كەرىمدە رامىزاننىڭ پەرزلىكىدىن ئىبارەت بىر قىسىم ئەھكاملىرىدىن باشقا رامىزانغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار تېپىلمايدۇ.

*قۇرئان كەرىمدە ھەجنىڭ بەك ئاز ئەھكاملىرىدىن باشقا ئەھكاملىرى تېپىلمايدۇ.

ئەمما نامازنىڭ ئەركانلىرى، ۋاجىبلىرى، سۈننەتلىرى، پەرز نامازلارنىڭ رەكەت سانلىرى؛ رۇكۇنىڭ تاق، سەجدىنىڭ جۈپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەكلى؛ پەرز، سۈننەت ۋە نەپلە نامازلار، ئۆلاردىكى قىرائەت شەكلى؛ نامازغا قانداق كىرىش ۋە نامازدىن قانداق چىقىش شەكلى... قۇرئان كەرىمدە يوق، بۇ ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

زاكاتنىڭ قايسى ماللارغا كېلىدىغانلىقى، زاكاتنىڭ شەرتلىرى، ئۆلچەملىرى... قۇرئاندا تېپىلمايدۇ، بۇ ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

رامىزان ۋە ھەجنىڭ ئەھكاملىرىمۇ شۇنداق. ئۇنداقتا ئۇممەت قۇرئان بىلەن كۇپايىلىنىپ سۈننەتتىن قانداقمۇ بىھاجەت بولالايدۇ؟

سۈننەت دېگەن قۇرئاننىڭ روھى، قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچلىرى...

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن سوراپ باقايلى:

ئەزاننىڭ شەكلى قۇرئان كەرىمنىڭ قەيېرىدە بار؟

روزا ھېيىت (فىتىر)سەدىقىسى قۇرئاننىڭ قەيېرىدە بار؟

شەرئى نىكاھ كېلىشىمى(يەنى نىكاھ شەرتلىرى)قۇرئاننىڭ قەيېرىدە بار؟

مىڭلىغان ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە(ئىقتىسادى مەسىلىلەر) ۋە ئەخلاق ئەھكاملىرىنىڭ قۇرئان كەرىم-گەرچە ئىخچام كۆرسەتمە بەرسىمۇ-دە تەپسىلى بايانى يوق. ئۇنداقتا قانداقمۇ سۈننەتتىن بىھاجەت بولغىلى بولسۇن؟

( 3)

**ئەمەلىي سۈننەتلەرنى ئېلىش،قەۋلى(سۆز) سۈننەتلەرنى ئالماسلىق**

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي سۈننىتىنى ئالىدۇ، سۆزگە ئالاقىدار سۈننەتلىرىنى ئالمايدۇ، شۇڭا بۇلار ئىسلامنىڭ بۇ تۆت ئاساسىدا رەسۇلۇللاھنى دورىساق بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئەمەلىي سۈننەتلەر بىزگە مۇتەۋاتىر يولى بىلەن يېتىپ كەلگەن دېيىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي(ئىش-ھەرىكەت) سۈننىتىنى ئېلىپ، سۆز خاراكتېرلىك سۈننىتىنى ئالماسلىق دەۋاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئەمەلىي سۈننەتلەرنىڭ سۆز خاراكتېرىدىكى سۈننىتى بار. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز خاراكتېرلىك سۈننەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، رامىزان تۇتقان ۋە ھەج قىلغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن ھېس قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ:«سىلەر مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭلار، نامازنى شۇنداق ئوقۇڭلار»دەيدۇ.

يەنە:«ھەج پائالىيەتلىرىنى مەندىن ئېلىڭلار» دەيدۇ.

بۇ ئىككى ھەدىس ئەمەلىي سۈننەت ئەمەس، بەلكى سۆز خاراكتېرلىك سۈننەتلەردىن قاتارىدىن.

سۆز خاراكتېردىكى سۈننەتلەر ئەمەلىي سۈننەتلەرنىڭ ئاساسى، ئۇنداقتا قانداقمۇ ئەمەلىي سۈننەت ئىسپاتلانغان ئاساس(يەنى سۆز سۈننەتلىرى)دىن بىھاجەت بولغىلى بولسۇن؟!

ئەگەر رەسۇلۇللاھ:«سىلەر مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭلار، نامازنى شۇنداق ئوقۇڭلار»دېمىگەن بولسا، نامازدا رەسۇلۇللاھنى دوراپ ئوقۇشنىڭ ۋاجىبلىقى ئىسپاتلانمىغان بولاتتى.

ئەگەر رەسۇلۇللاھ:«ھەج پائالىيەتلىرىنى مەندىن ئېلىڭلار» دېمىگەن بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج پائالىيەتلىرى ۋە سۆزلىرىگە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى بىلمىگەن بولاتتۇق. ھەج پائالىيىتى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن بويىچە بولمىسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

(4)

**رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز خاراكتېرلىك فىقھىسى:**

پەرەز قىلىپ باقايلى، ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھنىڭ خۇپتەن نامىزىنى باشلىغاندىن تارتىپ ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر كۆرسەك، مۇشۇ كۆرۈشىمىز بىزگە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئەركانلىرى، سۈننەتلىرى، مۇستەھەبلىرىنى ئايرىپ بېرەلەمدۇ؟

نامازدا سۈرە پاتىھەنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى، باشقا بىر سۈرىنى ئوقۇشنىڭ سۈننەتلىكىنى بىلەلەمدۇق؟

رەسۇلۇللاھنىڭ نامازنىڭ رۇكۇسىدا «سبحان ربي العظيم»نى ئۈچ قېتىم، سەجدىدە «سبحان ربي الأعلى»نى ئۈچ قېتىم دېگەنلىكىنى قەيەردىن بىلەلەيتتۇق؟ نامازدا ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى، سول تەرەپكە سالام بېرىشنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكىنى كىم ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ؟ ھەر بىر ئەمەلىي سۈننەتنىڭ سۆز خاراكتېرلىك سۈننەتلىرى بار. دېمەك، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەمەلىي سۈننەتنى ئېلىپ ۋە سۆز خاراكتېرىدىكى سۈننەتلىرىنى ئالماسلىق شۈبھىسى تارازىدا جىڭ باسمايدۇ.

## «سەھىھە بۇخارى ۋە مۇسلىم تەنقىدتىن خالى بولالمىدى»
## دېگەن شۇبھىگە جاۋاب

ھەدىس پەنلىرى ساھەسىدە «ئىمام بۇخارى» ۋە «ئىمام مۇسلىم» چاقنىدى، ئۇلارنىڭ كىتاۋى ئالى ماقامدىن ئورۇن ئالدى. سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەت (ھەدىس)نى ئۆرۈپ ئاندىن قۇرئاننى ئۆرۈش ئۈچۈن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قىلماقتا. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى سەھىھە ھەدىس كىتابىنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ ئىككى سەھىھە ھەدىس كىتابىنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرۈۋەتسە سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۈممەتنى پالەچ ھالەتكە كەلتۈرۈشتىكى نىجىس مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا تەنە قىلىشىدۇ...

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاقماس داۋاسىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن «بۇخارى ۋە مۇسلىم بەزى ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەنقىدىدىن خالى بولالمىغان» دېگەن داۋانى تەكرارلىشىدۇ. بۇخارى ۋە مۇسلىمنى ئىشەنچىسىز قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۇ ئىككى كىتابنى تۆشۈكى چوڭ ئەگلەكتە خالىغانچە تاسقاش ئۈچۈن بەزى ئالىملارنىڭ تەنقىدلىرىدىن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا تەنە قىلىش ۋە شۇبھە قوزغاش ئېغىزىنى پەيدا قىلىشىدۇ.

بۇلار سەھىھە بۇخارىدا قۇرئانغا زىت، ئەقىلگە خىلاپ، ئەمەلىي رېئاللىققا قارشى، يەھۇدى ۋە خرىستىئانلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئۇيغۇن ۋە خالىس خۇراپىي ھەدىسلەر بار دەپ داۋا قىلىشىدۇ.

**بۇ شۇبھىگە بىر قانچە نۇقتىدىن جاۋاب:**

1.بۇخارى ۋە مۇسلىم قۇرئاننىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان كىتاب، ئۇممەت ئومۇمىيۈزلۈك بۇ كىتابنى قوبۇل قىلدى ۋە رازى بولدى، قۇرئان كەرىمدىن كېيىنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدا ئۇ ئىككى كىتابقا تايىنىشقا بىرلىككە كەلدى، خۇددى ھەدىس شەرھچە بايان قىلىنغاندەك «ئۇممەت ئازغۇنلۇق ۋە خاتالىققا ھەرگىز بىرلىككە كەلمەيدۇ».

2.بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان تەنقىدچىلىك ھەربىكتى 210 ئەتراپىدىكى ھەدىسلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە پەيدا قىلدى. تەنقىدكە ئۇچرىغان بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە 78 ھەدىس سەھىھ بۇخارىنىڭ ھەدىسى، 132 ھەدىس سەھىھ مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدۇر.

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا تەنقىدكە ئۇچرىغان بۇ ھەدىسلەر ھەدىسشۇناسلار نەزەرىدە بىردەك قاراشقا ئىگە ئەمەس، شۇنى بىلىش كېرەككى بۇ ھەدىسلەر ئىچىدە ئويدۇرما ھەدىس قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس. ھەدىسشۇناسلاردىن بەزى تەنقىدچىلەر«مەزكۇر ھەدىسلەرگە قىلىنغان تەنقىد ئاجىز قائىدىلەرگە تايانغان، شۇڭا ھەدىسنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ»دەپ ئېلان قىلدى.

ھەدىسشۇناسلارنىڭ يېتەكچىسى «ئىبنى ھەجەر» سەھىھ بۇخارىنىڭ شەرھىسى «پەتھۇل بارى»كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «دارى قۇتنى» تەنقىد قىلغان ھەدىسلەرنى بىرمۇ-بىر بايان قىلىپ دارى قۇتنىغا رەددىيە بەرگەن ۋە بۇھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىنى باشقا ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلىغان. ئىبنى ھەجەر بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ تەنقىدكە ئۇچرىغان ھەدىسلىرىگە بىر بىرلەپ

ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرى سەھىھ ئەمەس دەيدىغان داۋا كۆمۈلۈپ يوقالغان.(بۇخارىنىڭ شەرھىسى «پەتھۇل بارى»نىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ).

بەزى ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى تەنقىد قىلغانلىقىدا سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ھۆججەت يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ قارشىسىغا پاكىت بار. سەۋەبى شۇكى ھەدىسشۇناسلار بۇ ئىككى ئىمامغا مۇقەددەس (يەنى خاتالاشمايدىغان) نەزەرى بىلەن قارىمىدى. سەھىھەيندىكى بەزى ھەدىسلەرگە قارىتا تەنقىدلىرى ئارقىلىق ئۇممەتنىڭ نەزەرىدىكى سۈننەتنىڭ كۆز بوياmachىلىق ۋە ئويدۇرمىچىلىقتىن خالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھالبۇكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتنى ئويدۇرما ۋە يالغان دەپ تەشۋىق قىلماقچى بولىشىدۇ!

3. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ «دارى قۇتنى» تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان بەزى ھەدىسلىرى ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزلىرى رىۋايەت قىلىش شەرتلىرىگە ئېنىلمىغانلىقى سەۋەبتىن بولغان، بۇ دېگەنلىك تەنقىدكە ئۇچرىغان شۇ ھەدىسلەر ئاجىز ياكى ئويدۇرما ھەدىسلەر دېگەنلىك بولمايدۇ. ھەدىسشۇناسلىقنىڭ سەنەد (ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىش يولى) ۋە مەتنى (ھەدىسنىڭ تېكىستى) ھەققىدە مۇتەخەسسىس ھېچ قايسى بىر ئالىم ئۇ ھەدىسلەرنى ئاجىز ياكى ئويدۇرما دەپ باقمىدى. بەلكى بەزى تەنقىد قىلغانلارنىڭ بەزىسى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ تەنقىدكە ئۇچرىغان ھەدىسلىرى ھەدىسشۇناسلار نەزەرىدە ئىشەنچلىك ۋە باشقا يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان دەپ باھا بېرىشتى.

دېمەك، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى تەنقىد قىلغان ھەدىسشۇناس دارى قۇتنى «سەنەد»جەھەتتىن تەنقىد قىلغان، ھەرگىزمۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ۋە ماددىسى جەھەتتىن قىلغان ئەمەس. چۈنكى ھەدىسشۇناس دارى قۇتنى باھا بېرىشتە بەك چىڭ تۇرىدىغانلارنىڭ پېشۋاسىدۇر. ھېچ بىر ھەدىسشۇناس بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ سەنەد جەھەتتىن تەنقىدكە ئۇچرىغان بۇ ھەدىسلىرىنى قۇرئانغا زىت كېلىدۇ ياكى ئىسلامنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ، دەپ باقمىدى...

ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ياكى بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى ھەدىسلەردىن پۇتاق تاپقۇچىلار ھەدىسشۇناسلىقنىڭ ئاساسىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شەرقشۇناسلارنىڭ تەنىلىرى ۋە شۇبھىلىرى خالاس. ئەگەر بۇلار ھەدىسشۇناس سەنئانىنىڭ:«توضيح الأفكار»غا ئوخشاش ئاساسلىق كىتابلارغا قارىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولاتتى ۋە قىرغىقى يوق چوڭقۇر دېڭىزغا خاتا كىرىپ سالغانلىقىنى ھېس قىلىشقان بولاتتى.

ئەپسۇسكى، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە دىن ئىلىملىرى ئۆزلىرىنى يېڭىلىق ياراتقۇچى دەپ ئاتىۋالغان ساۋاتسىز،نادان ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرىغا مۇباھ ئوت-چۆپكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ...

4.ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەدىسشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئەمىرى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ تەنقىدكە ئۇچرىغان ھەدىسلىرىنى،

ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلىش قائىدە-پرىنسىپلىرىغا سىلىپ بىر-بىرلەپ تەتقىق قىلغان مۇستەقىل بابنى كۆرۈپ چىقىشىنى ھاۋالە قىلىمىز.

ئۇلار بۇ بابقا قارايدىغان بولسا ئۆزلىرىنىڭ بىلمەيدىغان خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ قارىشىمىز توغرا ئىدى، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئويدۇرما ھەدىسلەرنى سەھىھ دەپ خاتالاشقان دەپ قارايدىغان بولسا،بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىدىن بەزى ھەدىسلەرگە ئويدۇرما ھەدىسلەر دەپ باھا بەرگەن قارىشىنى ئىنچىكە ئىلمى تەنقىد قىلىپ پاكىت كۆرسەتسۇن!

ئەگەر ئىلمى ئاساستا تەنقىد قىلىپ پاكىت كۆرسىتەلمىسە، ئۇلارنىڭ شۇبھە ۋە قۇرۇق گەپلىرى مەغلۇب بولغۇچىلارنىڭ ئاقماس داۋاسىدىن ئىبارەت.

5.بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى تەنقىد قىلغان ھەدىسشۇناسلار ھەدىسشۇناسلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن قائىدە-پرىنسىپلارغا خىلاپ ھالدا تەنقىد قىلغان. ئۇلارنىڭ تايانغان قائىدىلىرى ھەدىسلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى بەزى ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلغان ھەدىسشۇناس دارى قۇتنىنىڭ ئۆزىمۇ تەنقىد قىلغان ئۇ ھەدىسلەرنى ئاجىز دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئەڭ يۇقىرى سەھىھ دەرجىسىدىن چۈشۈپ كەتتى دەپ قارىغان.

ھەدىسشۇناس«ئىمام نۇۋەۋى»بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ سەھىھلىقىغا ئىجمانى نەقىل قىلغان. (نۇۋەۋىنىڭ: «تهذيب الأسماء واللغات»ناملىق كىتابىنىڭ،1-قىسىم، 73-بەتكە قاراڭ).

ئىمام نۇۋەۋى:بىر بۆلۈك ئادەملەر بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرىگە سەنەد جەھەتتىن پىكىر بايان قىلغان، دەيدۇ.

بۇخارىنىڭ شەرھىسى«فەيزۇلبارى»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ھەدىسشۇناس «مۇھەممەد بەدرىدىن» مۇنداق دەيدۇ:«دارى قۇتنى بۇخارىنى تەكشۈرۈپ 100 نەچچە ھەدىسنى تەنقىد قىلغان، بىر ھەدىستىن باشقا ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدە پەقەت سەنەد جەھەتتىنلا تەنقىد قىلالىغان».(فەيزۇل بارى، 57-بەت)

بۇخارىنى شەرھىلىگەن ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دارى قۇتنىنىڭ تەنقىدىگە رەددىيە بېرىپ ماڭغان. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى تەنقىدلىگەنلەرگە مەخسۇس رەددىيە سۈپىتىدە ئون نەچچە پارچە ئەسەر يېزىلغان.

## نېمە ئۈچۈن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ھۇجۇم قىلىندۇ؟

گەرچە «سەھىھ بۇخارى»-بارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەكتىلىشىچە- ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە ئەڭ سەھىھ(توغرا) ھەدىس كىتاۋى بولسىمۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ شۈبھە ۋە شەكلەندۈرۈشتىن قۇتۇلالمىدى. رەسۇلۇللاھ ھەدىس يېزىشتىن توسقان دېگەن سۆزدىن باشلاپ، ھەدىسلەرنى-توپلاش بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن- توپلاش مېتودىنى شەكلەندۈرۈشتىن ئۆتۈپ، «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» قۇرئان كەرىمگە زىت كېلىدىغان ئويدۇرما ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېگەن سۆزگىچە شۈبھە تارقىتىشتى. بۇ شۈبھىلەرنى ھەدىسشۇناسلىق پەنلىرىنى بىلمەيدىغانلار ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئىلمانىزم (secularism) ئېقىمدىكىلەر قوزغاپ چىقىشتى.

بۇلارنىڭ بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، ئەڭ مۆتىۋەر ھەدىس كىتاۋى بۇخارىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتەلىسە قالغان ھەدىس كىتابلىرىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىش ۋە دەلىل ئېتىباردىن ساقىت قىلىش ئاسانغا چۈشىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى ھۇجۇم بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن باشلانغان.

(1)

## رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس يېزىشتىن چەكلىگەن ھەدىسى توغرىسىدا

ھەدىس يېزىشتىن چەكلەش ھەدىسى، قۇرئان كەرىم يېزىۋاتقان كاتىپلارغا قارىتا ئېيتىلغان ھەدىستۇر، بىراق ھەدىسنى يېزىش ۋە ئۇنى توپلاشتىن رەسۇلۇللاھ توسقان ئەمەس. چۈنكى ھەدىسنى يېزىشتىن چەكلەش سۈننەتنى قوغداش ۋە يەتكۈزۈش ۋاستىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.رەسۇلۇللاھ: «بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار»، يەنە:«مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغان كىشلەر ئاڭلىمىغان كىشلەرگە يەتكۈزسۇن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ:«قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازماڭلار، كىم قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازغان بولسا ئۆچۈرۈۋەتسۇن»دېگەن بولسا، باشقا ھەدىسلىردە ھەدىسلەرنى يېزىشقا يول قويغان ۋە بۇيرۇغان.

رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ بىن ئاسقا:"ئابدۇللاھ يېزىۋەرگىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئاغزىمدىن ھەق سۆزدىن باشقىسى چىقمايدۇ، ماڭا قۇرئان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىلدى» دېگەن. (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرىقى ھەدىس ئارىلىقىدا زىتلىق يوق، چۈنكى چەكلىگەن بىرىنچى ھەدىس ۋەھىي كاتىپلىرىغا خاستۇر، سەۋەبى ھەدىسنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

(2)

## سۈننەتنىڭ توپلىنىشى

سۈننەتنىڭ توپلىنىشى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان، چۈنكى «ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ بىن ئاس»نىڭ يېزىۋالغان ھەدىسلىرى 200 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا «ھەممام بىن مۇنەببىھ»نىڭ يېزىۋالغان ھەدىسى 139 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بۇ ھەدىسلەرنى ئەبۇھۇرەيرىنىڭ دەۋرىدە توپلىغان. ئۇنىڭدىن سىرت ئەنەس بىن مالىك، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېزىۋالغانلىرى؛ رەسۇلۇللاھنىڭ خۇتبىلىرىدىن سىرت رەسۇلۇللاھنىڭ پادىشاھلارغا ۋە ئىشچىلىرىغا يوللىغان مەكتۇپلىرى قوشۇلۇپ نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەدىس شەرىپ رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كېتىپ 200 يىلدىن كېيىن توپلىنىشقا باشلانغان دېگەن گەپ ساغلام گەپ ئەمەس، چۈنكى ساھابىلار ۋە تابىئىنلار ھەدىسلەرنى يادلىۋالغان، يېزىۋالغان ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا تەتبىقلىغان. خەلىپە ۋە ھاكىملار مۇشۇ مەزگىللەردە ھەدىسلەرگە تايىنىپ ھۆكۈم يۈرگۈزگەن؛ ۋەز-تەبلىغ، ئىلمى مۇنازىرە ۋە ئىسلامنى غەيرى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈشتە ئىستىمال قىلغان. دېمەك، ھەدىس شەرىپ بىر قىسىم ھەدىسشۇناسلار ۋە يادلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا يېزىقلىق ئىدى.

ئاندىن تابىئىن ئىمام مالىكنىڭ«مۇۋەتتا»ناملىق ھەدىس كىتاۋى، سۇفيان سەۋرىنىڭ«جامى» ناملىق ھەدىس كىتاۋىدىن باشلاپ ئىلىم-پەنلەرنى توپلاش، يىلتىزلاشتۇرۇش ۋە ھەدىسلەرنى مەخسۇس قائىدىلەر ئاساسىدا مەخسۇس كىتابلارغا توپلاش ۋە خاتىرىلەش دەۋرى باشلاندى. بۇ ئىماملاردىن

كېيىن بۇ قائىدىلەرنى بۇخارى ۋە مۇسلىم ئاشكارا بولغانغا قەدەر باشقا ئىماملار ۋە ھەدىس ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەتبىقلاپ كەلدى. ئىمام بۇخارى پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ھەدىس توپلىغاندا ئىمام بۇخارى قالدۇرۇپ قويغان سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلىدى، شۇنداق قىلىپ بارلىق سەھىھ (توغرا) ھەدىسلەرنى ئاندىن ھەسەن(ياخشى) ئاندىن ئاجىز ئاندىن ئويدۇرما ھەدىسلەرنى تولۇق توپلاشتى ۋە خاتىرىلەشتى.

شۇ ئارقىلىق سۈننەت(ھەدىس) قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىنمايدىغان بارلىق تۈرلىرى بىلەن ئۈممەتنىڭ ئالدىدا بار بولدى. ئۇلار سۈننەت ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلىرىنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

( 3)

### ھەدىس توپلاشنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئاساسلىرى بار

ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە راۋىلاردىن نەقىل قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. مەسىلەن، بۇخارى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردىن يېزىقلىق ھالەتتە قوبۇل قىلالىتتى، داۋاملىق ئېغىز رىۋايىتىگە تايانمايتتى. ھەدىس توپلاش ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە راۋىلارنىڭ راستچىل ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىر قانچە قائىدە-پرىنسىپلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ يولغا قويۇلغان. شۇنداقلا رىۋايەتلەرنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ۋە ھەدىسلەرنىڭ ماددىسىنى تەكىتلەش پرىنسىپى بار ئىدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ سەھىھ بۇخارىدىكى تەكرار ھەدىسلەردىن باشقا 4000 ھەدىسنى 600 مىڭ ھەدىستىن تاللىغانلىقى باشقا ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى بۇخارىنىڭ پەقەتلا ئەڭ سەھىھ دەپ باھالانغان ھەدىسلەرنى تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(4)

## بۇخارى ۋە مۇسلىمدا قۇرئانغا زىت ھەدىسلەر بارمۇ؟

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمنىڭ بەزى ھەدىسلىرى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تەنە ۋە شۈبھىدىن خالى بولالمىدى، بەزىلەر بەزى ھەدىسنى قۇرئان كەرىمدىكى ئىنىق ئەھكاملارغا زىت كېلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشتى. مەسىلەن، ھەدىسشۇناسلىق ئىلىملىرىدىن خەۋىرى يوقلارنىڭ شۈبھە قوزغىغان ھەدىسلەر قاتارىدىن چوڭ ئادەمنىڭ ئېمىلداش بولۇش مەسىلىسىدىكى ھەدىستۇر. چوڭ ئادەمنى ئېمىتسە ئېمىلداش بولۇش مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھقا تەڭلەنگەن بىر قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىدى، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەل قىلىش چارىسىنى شۇ ۋەقەگە خاس يولغا قويغان ۋە ھەممەيلەنگە ئومۇملاشتۇرمىغان. ئۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھۆكۈمنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولغاندا ساھابىلار ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا ئاياللىرى ھەزرىتى ئائىشىنىڭ كۆز قارىشىغا قارشى تۇرغان.

سەھىھ بۇخارىدىن شۈبھە قوزغايدىغانلارنىڭ يەنە بىر ھەدىسى قاچىغا چىۋىن چۈشۈپ قېلىش ھەدىسىدۇر، رەسۇلۇللاھ:«سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆمىدۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ تاشلىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ بىر قانىتىدا زەھەر يەنە بىر قانىتىدا شىپا بار» دېگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىستىكى بۇيرۇق شەكلى ۋاجىپنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى مەسلىھەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كىم چىۋىن چۈشۈپ قالغان تاماقنى

ئىستىمال قىلىشنى كۆڭلى تارتسا ئىستىمال قىلسۇن، كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنى تارتمىسا، شەرئەت ئۇ تاماقنى يېيىشنى ۋاجىپ قىلمىدى.

چىۋىننى قاچىغا چۆمدۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىس دۇنيالىق ئىشلاردىكى كۆرسەتمە خاراكتېرلىك ھەدىس. چۈنكى تۇرمۇشى تۆۋەن، ئاددى-ساددا ۋە يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالى چەكلىك بولغان مۇھىتتا، چىۋىن چۈشۈپ قالغان ھەر قانداق تاماقنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك بولىدۇ. بولۇپمۇ قوللىغۇچىلىرىنى يىرىك ۋە قېيىن تۇرمۇشقا كۆندۈرۈۋاتقانلار تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

مەزكۇر ھەدىستىكى«چىۋىننىڭ بىر قانىتىدا زەھەر، يەنە بىر قانىتىدا شىپا بار»دېگەن ھەدىس ئەرەب مۇھىتىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۇستۇن كېلىدۇ، شۇڭا بۇ خەۋەرنى ئەقىلغا سىغمايدۇ، دەپ رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك.(چىۋىننىڭ قاچىغا چۈشۈپ كېتىشى توغرىسىدىكى ھەدىسكە ئىزاھات) دېگەن ماقالىمىزگە قاراڭ).

شۇنداقلا سەھىھەينىدە تەنە ۋە شۇبھىگە ئۇچرىغان ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن تىببىي ساھەگە ئالاقىدار ھەدىسلەردۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، رەسۇلۇللاھ بەدەن دوختۇرى ئەمەس، ئۇ تەجرىبىگە ئاساسەن بەزى كۆرسەتمە ۋە مەسلىھەتلەرنى بەردى، بەزى كىشىلەرگە تەتبىقلىدى ۋە ئۇلارغا پايدا قىلدى. ھازىر ئۇ تەبئىي دورىلارنى تەدبىقلاش دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى، قانچىلىك مىقداردا ئىستىمال قىلىنىدىغانلىقى، كېسەللىكنىڭ خاراكتېرى ۋە كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە باغلىق بىر ئىش. بۇ ئىشلار سۇننەتتە تەپسىلى بايان قىلىنمىدى، بەلكى دوختۇرلارنىڭ ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتىغا قويۇپ بېرىلدى. دوختۇرلىقتىن خەۋىرى يوق، كېسەلنىڭ خاراكتېرى، دورىنىڭ ئۆلچىمى ۋە باشقا

تەلەپلىرىدىن مەرىپەتتە يوق ئادەملەر تىببىي ساھەگە ئالاقىدار ھەدىسنى تەتبىقلايمەن دەپ داۋالاش ساھەسىگە كىرىۋالغانلىقتىن خاتا نەتىجىلەر چىقىپ بۇ شۇبھىلەر قوزغالدى. (بىز ئىلگىرى«قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەتلەر ۋە قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار بولمىغان سۈننەتلەر» دېگەن تېمىدا بۇ ساھەدە خېلى كەڭرى توختالدۇق، مەزكۇر ماقالىگە مۇراجىئەت قىلىڭ).

(5)

## تەشكىللىك ھۇجۇم پىلانى

نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتى ئەڭ سەھىھ دەپ قاراپ بىرلىككە كەلگەن سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىم ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا قىلىنغاندەك باشقا ھەدىس كىتابلىرىغا ھۇجۇم ۋە شۇبھىلەر قوزغالمىدى؟

جاۋاب شۇكى، بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ سەھىھ ھەدىس كىتابىدۇر، ئەگەر بۇخارى ۋە مۇسلىم يىقىلسا باشقا ھەدىس كىتابلىرى پۈت تېرەپ تۇرالماي يىقىلىدۇ ۋە ئۆرۈلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھۇجۇم ۋە شۇبھىلەر بۇخارى ۋە مۇسلىمغا قارىتىلغان.

ھەدىسلەرگە باھا بېرىش مۇتەخەسسىس ھەدىسشۇناسلارنىڭ كەسپى. بۇ ئىلىمنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى بىلمەيدىغان ئادەملەر بۇ ساھەگە كىرىۋېلىپ، ئۇ ھەدىس ئەقىلغا زىت، بۇ ھەدىس قۇرئانغا زىت دېگىلى تۇرسا خۇددى سېستىرا مېڭە ئوپېراتسىيىسى قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. ھەر ئىشنى ئۆز كەسپىدىكى ئادەم قىلىش لازىم.

دىمەك، ھەدىس شەرىپكە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار ۋە شۇبھە قوزغاۋاتقانلار ھەدىس ئىلمىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بەزىلىرى قەستەن قۇسۇر ئىزدەش ئۈچۈن ۋە سۈننەتنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن شۇبھە قوزغايدۇ، يەنە بەزىلىرى ھەدىسشۇناسلىقتىن خەۋىرى يوق تۇرۇپ ئەقلىمگە سىغمىدى دەپ تەنە قىلىدۇ. مۇنداق قارايدىغانلار فەقىھ ياكى مۇپەسسىر ياكى ھەدىسشۇناس بولغان بولسا كاشكى!

بىز«ھەدىسلەر ئارىسىدا زىتلىق بار»دېگەن شۇبھىگە جاۋاب نامىلىق ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا:«بۇخارى ۋە مۇسلىمدا قۇرئان ۋە ئىسلام روھىغا زىت ھەدىسلەر يوق دەپ كېسىپ ئېيتقان ئىدۇق. ئەگەر ئۇ ئىككى كىتابتا قۇرئان ۋە ئىسلام روھىغا زىت ھەدىسلەر بار دەپ قارىغۇچىلار بولسا، شۇ ھەدىسلەرنى كۆرسەتسۇن؟...

## نېمە ئۈچۈن ئاللاھ سۈننەتنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلمىدى؟ دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

(ئەگەر سۈننەت ھۆججەت بولىدىغان بولسا ئاللاھ ئۇنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلغان بولاتتى دېگەن شۈبھىگە رەددىيە)

سۈننەت دۈشمەنلىرى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ھىمايە قىلىش ۋە ساقلاشقا كېپىللىك قىلدى، سۈننەتنى ھىمايە قىلىشقا كېپىللىك قىلمىدى دەپ گۇمان قىلىشتى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى دەلىل كۆرسىتىشتى:«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (ھىجىر سۈرىسى، 9-ئايەت).

ئۇلار:ئەگەر سۈننەت قۇرئانغا ئوخشاش ھۆججەت ۋە ۋەھيي بولغان بولسا، ئاللاھ قۇرئاننى قوغداشقا كېپىللىك قىلغاندەك، ئۇنىمۇ قوغداشقا كېپىللىك قىلغان بولار ئىدى دېيىشتى.

### جاۋاب:

بىز ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن سەھىھلىرىنى قوغداشقا كېپىللىك قىلدى. قۇرئان كەرىم، سۈننەت(ھەدىس)، ئەقىل ۋە تارىخ بۇنىڭغا پاكىتتۇر.

**بىرىنچى:ئاللاھنىڭ قۇرئاننى قوغداشقا كېپىللىك قىلغاندەك، سۈننەتنى قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىغا قۇرئاندىن دەلىل:**

1. ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى دەلىل:«بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

مۇپەسسىر دوكتۇر مۇھەممەد سەيىد نىدا بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى بايان قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى قوغداشقا كېپىللىك قىلىپ: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (ھىجىر سۈرىسى، 9-ئايەت) دېدى. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىمۇ چىقىپ تۇرىدۇ، چۈنكى بايان قىلىنغۇچى(يەنى قۇرئان)نى قوغداش (ئىككىسىنىڭ كۈچلۈك باغلىنىشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن) بايان قىلغۇچىنى قوغداشنى تەقەززا قىلىدۇ.

2.ئاللاھ:«ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە(يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر» (قىيامەت سۈرىسى، 17-19-ئايەتلەر)دەيدۇ.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ سۈننەتنى-ئەگىشىش تەرىقىسىدە ئەمەس- ئەنئەنىۋىلىك ۋە مۇستەقىللىق شەكلىدە قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلى، چۈنكى ئاللاھ قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرىشكە كېپىللىك قىلدى:«ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر»يەنى

قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر، بايان قىلىش مەسئۇلىيىتى رەسۇلۇللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇممەتكە بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ بايان قىلىش مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىنىش ئارقىلىق بولىدۇ:«بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق»(نەھل سۈرىسى،44-ئايەت). دېمەك، سۈننەت (يەنى ھەدىس شەرىپ) مۇشۇ ئايەتكە ئاساسەن مەزمۇن جەھەتتىن ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەندۇر.

ئەمدى رەسۇلۇللاھدىن كېيىن بايان قىلىپ بېرىش ئۇممەتكە بولىدۇ دېگىنىمىزدە، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن سۈننەت(ھەدىس شەرىپ)نى قوغداش ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ ئىككى دەلىل ئاللاھنىڭ قۇرئاننى قوغدىغاندەك سۈننەتنى قوغدىغانلىقىغا دەلىل، ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى قوغداشتىن ئىبارەت ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلاپ بەردى. شۇڭا مۇسۇلمانلار روھىدا ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش ئامىللىرىنى قوزغىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئاتلاندى.

3. ئىمام ئىبنى ھەزم ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىغا قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە

(ھەقىقىي)ئىشەنگەندىغان بولساڭلار، بۇ(يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»(نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت).

ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ:«بۇ ئايەت بارلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۈچ ئاساسنى زىكىر قىلغان. بىرىنچى:«ئى مۆمىنلەر!ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار»، ئىككىنچى:«ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»، ئۈچىنچى:«ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»، مانا بۇ ئۈچىنچىسى ئىجما دەلىلىدۇر. ئەمدى تالاش-تارتىش يۈز بەرگەندە ئىككى ئاساسنىڭ بىرسىگە قايتىش لازىم:«ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي)ئىشەنگەندىغان بولساڭلار، بۇ(يەنى ئاللاھ نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر».

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي، ئىتائەت قىلىش ساھەسىدە ھەر ئىككىسىنىڭ ھۆكمى بىر، سۈننەتنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق.(ئىبنى ھەزمىنىڭ«ئىھكام ئۇسۇل ئەھكام»ناملىق كىتابىنىڭ، 1-توم،96،117-بەتلىرىگە قاراڭ)

4.ئەللامە ئىبنى قەييۇم جەۋزى سۈننەتنىڭ قوغدالغانلىقىغا ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ:«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (مائىدە سۈرىسى،3-ئايەت).

يەنە:«كىمكى ئىسلام(دىنىدىن)غەيرىي دىننى ئىزدەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى)قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر»(ئال ئىمران سۈرىسى، 85-ئايەت).

ئىبنى قەييۇم كەلتۈرگەن بۇ دەلىللەرنىڭ تەپسىلى ئىزاھاتىنى ئىبنى قەييىمنىڭ«مۇختەسەر ساۋائىق مۇرسىلە» ناملىق كىتابىنىڭ، 2-توم، 543-544- بەتلەرگە قاراڭ).

**ئىككىنچى:ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىغا سەھىھ سۈننەتتىن دەلىل:**

رەسۇلۇللاھ ھەججەتۇل ۋىدادا:«ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلەرگە ئىپوپپىيەلىك زەڭگى باشلىق بولۇپ قالسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. كىم سىلەردىن مەندىن كېيىن ياشاپ قالسا كۆپ ئىختىلاپنى كۆرىدۇ، شۇڭا سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئېسىلىڭلار، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار. دىندا ئاساسى يوق يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت، بىدئەت دېگەن ئازغۇنلۇق»دېگەن.(ئىمام ئەھمەد 16521- نومۇرلۇق ھەدىستە، ئەبۇداۋۇد 3991- نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان).

يەنە:«مەن سىلەردە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككى نەرسىگە ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر، ئۇ ئىككى نەرسە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر، ئۇ ئىككىسى قىيامەتكىچە ئايرىلمايدۇ»دېگەن، (ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ۋەسىيەتنىڭ كىتاب(يەنى قۇرئان)قا چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىس ھەققىدە كاتتا ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ:«قۇرئان كەرىم بۈيۈك ۋە مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتاۋى يالغۇز تىلغا ئېلىنغان بولسا كېرەك، كىشىلەر قۇرئان بىلەن ئەمەل قىلسا رەسۇلۇللاھ سۈننىتىدە بۇيرۇغان نەرسىلەر بىلەن ئەمەل قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ «پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار» دېدى (ھەشىر سۈرىسى،7-ئايەت).(پەتھۇل بارى: 2535-نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ شەرھىسىگە قاراڭ).

ئەبۇداۋۇدنىڭ شەرھىسى«ئەۋن مەئبۇد»نىڭ ئاپتورى 1628-نومۇرلۇق ھەدىسنى شەرھىلەپ:«بۇ ھەدىستە قۇرئانغا ئېسىلىڭلار دەپ يالغۇز قۇرئان زىكىر قىلىندى، شۇنداقتىمۇ ئۇ سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ:«پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» (ھەشىر سۈرىسى،7-ئايەت). يەنە:«ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» (مۇھەممەد سۈرىسى،33-ئايەت)دەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان بىلەن ئەمەل قىلىش سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن. (ئەبۇداۋۇدنىڭ 1628-نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ شەرھىسىگە قاراڭ).

مانا بۇ ۋە ئۇندىن باشقا ھەدىسلەردە رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىگە سۈننىتىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. سۈننەتكە ئەگىشىشتە ھىدايەت بار، ئۇنى تەرك ئېتىشتە ئازغۇنلۇق بولىدۇ. ئەگەر سۈننەت قوغدالمىغان بولسا ياكى ئۇنىڭغا بۇرمىلاشنىڭ يېتىشى مۇمكىن بولۇپ، توغرىسىنى كېسىلىدىن ئايرىش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا،

رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىدىن سۈننەتكە ئېسىلىشنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرۇغانلىقى سۈننەتنىڭ قوغدالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

## ئۈچىنچى: ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغدىغانلىقىغا ئەقلى دەلىل:

د.ئابدۇلغەنى ئابدۇلخالىق«سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى»ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:«قۇرئاننى قوغداش سۈننەتنى قوغداشقا باغلىق، چۈنكى سۈننەت قۇرئاننىڭ مۇستەھكەم قورغىنى، ئىشەنچىلىك قاراۋۇلى ۋە روشەن شەرھىلىگۈچىسىدۇر. سۈننەت قۇرئاننىڭ ئىخچام ئەھكاملىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ، قېيىن مەسىلىلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، ئېنىقسىز نۇقتىلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، مۇتلەق ئەھكاملىرىنى دائىرىگە ئالىدۇ، قىسقىچە بايان قىلىنغان ئەھكاملىرىنى كەڭرى بايان قىلىدۇ. سۈننەت قۇرئان بىلەن ئويناشقۇچىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى، ھاۋايى-ھەۋەسلىرى بىلەن تەۋىل قىلغۇچىلارنىڭ تەۋىللىرىنى توسىدۇ. شۇڭا سۈننەتنى قوغداش قۇرئاننى قوغدىغانلىقتۇر، سۈننەتنى ساقلىغانلىق قۇرئاننى ساقلىغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى قوغدىغاندەك سۈننەتنى قوغدىدى، شۇڭا سۈننەتتىن بىرەر نەرسە يوقاپ كەتمىدى».(سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى ناملىق كىتابقا قاراڭ).

## ئۆتىنچى: ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغدىغانلىقىغا تارىخى پاكىت:

ئەگەر ئىسلام دۈشمەنلىرى تارىخنى قېزىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالىنى تەتقىق قىلىدىغان بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنىڭ-ھېچقانداق بىر داھىنىڭ تەرجىمھالى ئېرىشىپ باقمىغان دەرىجىدە- ئالاھىدە

كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق بايقايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ۋە ئەلچىدۇر.

مانا بۇ ھەقىقەتنى ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ھېس قىلىپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان ھەر قانداق بىر نەرسىنى نەقىل قىلىش، قوغداش ۋە تەتبىقلاشقا جان كۆيدۈردى. يىغىنچاقلىغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە ھەر قانداق ئەھۋالىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەڭ ئىنچىكە كىچىك ئىشلىرىدىن تارتىپ نەقىل قىلدى.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغداشقا كېپىللىك قىلغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىشارىتىدۇر. چۈنكى ئاللاھ سۈننەتنى قوغداش، ئۇنى توپلاش، ساقلاش، شەرھىلەش ۋە ساغلامنى ئاجىزىدىن ئايرىشقا بىر بۆلۈك ئادەملەرنى تەييارلاپ بەردى. ئۇلار سۈننەتنى ئىشەنچىلىك قەلبلەرنىڭ بەتلىرىگە ۋە كىتابلارغا نەقىش قىلىپ ئويۇشتى. ئاللاھنىڭ قۇرئاننى قوغداشتىكى ۋەدىسى سۈننەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا ئاللاھ قۇرئانغا ئىشەنچىلىك كاتتا زاتلارنى ھەر ئەسىر تەييارلاپ بەرگەندەك سۈننەتكىمۇ ئىشەنچىلىك راۋىلارنى ۋە كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ئەگەر ئاللاھنىڭ سۈننەتنى قوغداش ئىرادىسى بولمىغان بولسا ئىدى، سۈننەت-دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە شۈبھىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن-دەۋرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۆمۈلۈپ ھەم چېچىلىپ كەتكەن بولار ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ھەر دەۋر، ھەر ئەۋلاد ۋە ھەر ئورۇندا ۋاپادار ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق سۈننەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلىسىنى بەربات قىلماقتا.

شۇڭلاشقا سۈننەت دۈشمەنلىرى سۈننەتنى يىراقلاشتۇرۇش ۋە قۇرئان بىلەن سۈننەت ئارىسىدىكى مۇكەممەللىكنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن قۇرئان

ئايەتلىرىنى-ھېچ بىر مۇپەسسىر تەپسىر قىلىپ باقمىغان- ھاۋايى ھەۋەسلىرى ۋە خىياللىرى بىلەن ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغان ھەم ئۇرۇنماقتا.

قۇرئاننىلا تۇتۇپ ماڭساق بولىدۇ دەپ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن تەشۋىق قىلغۇچىلار، سۈننەتنى ھۆججەت ئەمەس دەپ قارىغۇچىلار ئەھلى سۈننى يولىدىن چىققۇچى ئازغۇنلاردۇر، شۇڭا ئۇلار قۇرئاننى ئورۇنسىز ھەم پاكىتسىز ھالدا ھەۋەسكە تايىنىپ ئىزاھلاپ ئېزىشتى ھەم باشقىلارنى ئازدۇرۇشتى.

## ھەدىس ئۆلىمالىرى نەزىرىدىكى سۈننەتنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش پرىنسىپى

سۈننەت(يەنى رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلىدىغان رىۋايەتلەر)نى تەتقىق قىلىش پرىنسىپى مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتى مۇشۇ رىۋايەتلەرگە تايىنىدۇ، شۇنىڭغا قارىتا ئىبادەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرى ئىنتىزامغا سېلىنىدۇ. سۈننەتنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش شەرئى مەجبۇرىيەتتۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سۈننەتنى بۇرمىلاشتىن قوغداشقا بۇيرۇپ:«بۇ ئىلىمنى ئادىل (دىيانەتلىك)كىشىلەر كۆتۈرىدۇ. ئادىل كىشىلەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ چېكىدىن ئېشىشىنى، نائەھلىلەرنىڭ يالغانچىلىقى ۋە جاھىللارنىڭ تەتۈر ئىزاھاتىنى توسىدۇ»دېگەن(دارى قۇتنى).

رەسۇلۇللاھ سۈننىتىنى قوغدىغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىلەرگە دۇئا قىلىپ:«بىزدىن بىر نەرسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆز ئەينى يەتكۈزگەن كىشىلەرنى ئاللاھ بەختلىك قىلغۇسۇن، يەتكۈزۈلگۈچى يەتكۈزگۈچىدىن ئاڭلىق بولىشى مۇمكىن»دېگەن،(تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

رەسۇلۇللاھ سۈننىتى توغرىسىدا يالغان سۆزلىگەن ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ:«مەن ھەققىدە يالغان سۆزلەش باشقىلارغا يالغان سۆزلىگەننگە ئوخشىمايدۇ، كىم ماڭا قەستەن يالغان سۆزلىگەن بولسا ئورنىنى دەۋزەختىن ھازىرلاپ قويسۇن»دېگەن،(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

شۇڭا ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى قوغداش ۋە ئۇنى ھەر قانداق بۇرمىلىنىشتىن ساقلاشقا قاتتىق ھېرىس ئىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىغان ھەر بىر سۆزنى تەكشۈرەتتى ۋە رەسۇلۇللاھدىن ھەدىس سۆزلەشتە

ئىنچىكە ئىزدىنەتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر كۆپىنچە ئەھكاملاردا ھەدىسكە ئىككى گۇۋاھچى تەلەپ قىلىشاتتى، ھەزرىتى ئەلى ئۆزى ئاڭلىمىغان ھەدىس بولسا، ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن ئادەمدىن قەسەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى.

«ھاكىم نىيسابورى»نىڭ بايان قىلىشىچە: تەنقىدچىلىك ۋە باھالاش ئىلمىنى قۇرغۇچىلار ساھابىلار ئىدى، تەنقىدچىلىك ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلارغا باھا بېرىش ساھابىلار دەۋرىدە بار بولغان قەدىمىي ئەسلى ئىشتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئاقلاپ بەرگۈچى بىرىنچى تەبىقە:ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، زەيد بىن سابىت، ھەزرىتى ئائىشە، ئىبنى ئاباس ۋە مەشھۇر ساھابىلاردۇر، ئۇلار رىۋايەتنىڭ ساغلام ۋە كېسەللىكى توغرىسىدا باھا بەرگەن، تەنقىد قىلغان ۋە ئىزدەنگەن"(1).

ساھابىلار دەۋرىدىن كېيىن، تابىئىنلار ۋە تەبئىي تابىئىنلار سۈننەتنى قوغداش ۋە سۈننەتكە لاياقەتسىز ئادەمنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ھىمايە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇڭا ئۇلار «سەنەد»(رىۋايەت قىلغۇچىلار تىزىملىكى) تەلەپ قىلىش ۋە رىۋايەتچىلەرنى بىلىشتە چىڭ تۇردى، باھا بېرىش ۋە تەنقىدچىلىكتە دەرىجە تۈزۈمى ۋە تەكشۈرۈش قائىدىلىرىنى يولغا قويدى. بۇ خىل شارائىت ھەدىسشۇناسلار نەزىرىدىكى تەنقىدچىلىك پرىنسىپىنى يەككە-يېگانە تەتقىقات پرىنسىپى قىلالىدى، باشقا ئەللەرنىڭ تەتقىقات پرىنسىپىدا بۇنىڭدەك پرىنسىپ تېپىلمايدۇ.

بۇ پرىنسىپنىڭ بەلگىلىرى رەسمى كىتاب شەكلىدە ھىجرىيە ئىككى ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئوچۇق روشەنلەشتى ۋە مۇكەممەل شەكىلدە پروگراماملاشتى. بۈيۈك ئىككى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئۇلاردىن باشقا ئالتە

سەھەھ كىتاب ئىگىلىرىنىڭ قولىدا مېۋە بەردى. بۇ پرىنسىپىنىڭ بۇيۇكلىكى ۋە قائىدە پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكى پرىنسىپلاردا كۆرۈنىدۇ.

**بىرىنچى:ئىسناد(رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى):**

ئىمام مۇسلىم سەھەھ مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۈننەتنى ھىمايە قىلىش ۋە پىتنە دەۋرى(يەنى ئىبنى سەبەئىنىڭ پىتنىسى، شىئە ئېقىمىنىڭ پەيدا بولىشى ۋە سۈننەتكە سۇيىقەست قىلىش دەۋرى)دىن كېيىن ئىسناد(يەنى ھەدىسنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش) تەلەپ قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدا توختىلىپ كۆپ خەۋەرلەرنى بايان قىلغان. مەسىلەن:

(1).«ئىبنى سىرىن»نىڭ سۆزى:«ئالىملار ئىسناد توغرۇلۇق سورىمايدىغان ئىدى، پىتنە يۈز بەرگەندىن كېيىن:«كىمدىن رىۋايەت قىلغىنىڭلارنى دەپ بېرىڭلار دەيدىغان بولدى، شۇڭا ئۇلار ئەھلى سۈننى بولسا ھەدىسىنى ئالدى، بىدئەتچى بولسا ھەدىسىنى ئالمايدىغان بولدى»دېگەن.

(2).«ئىمام زۆھرى»:«ئىبنى ئەبى فىرۋە لەنەت ساڭا، سەن نېمىدېگەن جاسارەتلىشىپ كەتتىڭ!، ھەدىس سۆزلىسەڭ ئاساسى ياكى تۇتقۇچى يوق ھەدىسنى سۆزلەيدىكەنسەن يا!»دېگەن.

مانا بۇ ھەدىسنى يېتىپ كېلىش يولى ۋە تېكىست جەھەتتىن يۇختىلاشنىڭ مۇھىم قائىدىسى. چۈنكى ھەدىسنىڭ ساغلام ۋە كېسىلىنى ئاساسسىز بىلگىلى بولمايدۇ.

(3).«ئابدۇللاھ مۇبارەك»:«ئىسناد(ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىش يولى، يەنى نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى) دىنىمىزنىڭ قاتارىدىن، ئەگەر ئىسناد بولمىغان بولسا، ھەر بىر ئادەم خالىغىنىنى دېگەن بولاتتى»دېگەن.

**ئىككىنچى: ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش:**

ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كۆچكە ئىگە قىلىش ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ھەدىسشۇناسلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھەدىسنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شەھەرمۇ-شەھەر ئاتلاپ سەپەر قىلىش ۋە تۈرلۈك يوللىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

(1).«سەئىد مۇسەييىب»:«مەن بىر ھەدىسنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كېچىلەپ يول يۈرەتتىم»دەيدۇ.

(2).ھەزرىتى ئەبۇبەكرى چوڭ ئانىنىڭ مىراسىي توغرىسىدا بىرەر ھۆكۈمنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن توختاپ قالغان، ئاندىن ئۇ پىشىم نامىزىدىن كېيىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا كىشىلەردىن سورىغاندا، «مۇغىيرە» دېگەن كىشى:رەسۇلۇللاھنىڭ چوڭ ئانىغا ئالتىدە بىر قىسمىنى بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم»دېگەندە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:بۇ ھەدىسنى سەندىن باشقا ئاڭلىغانلار بارمۇ؟دەپ تەكشۈرۈش، دەل شۇ چاغدا «مۇھەممەد بىن مەسلەمە» ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭمۇ شۇ ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مىراسنى بۇ ھەدىسكە ئاساسەن بۆلۈپ بېرىدۇ.

(3). ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرى رۇخسەت سوراش ھەققىدە "ئەبۇمۇسا ئەشئەرى" بىلەن قىلغان ئىشىمۇ گۇۋاھتۇر، رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىسىمۇ رۇخسەت

بىرىلمىسە قايتىپ كەتسۇن»دېگەنىدى، ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇمۇساغا:پاكىت كەلتۇر، بولمىسا خاپۇلاپ قالىمەن دېگەندە، "ئەبۇسەئىد خۇدرى" ھەدىسنىڭ سەھىھلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنە بىر يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىستە ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇمۇساغا:«مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن ئەمەس، لېكىن كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھغا يالغان گەپنى توقۇپ چىقىشىدىن ئەنسىرىدىم» دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

(4). "جابىر ئابدۇللاھ" دېگەن ساھابە "ئابدۇللاھ بىن ئەنىس ئەنسارى"دىن زۇلۇم ھەققىدە بىر ھەدىسنى ئاڭلاش ئۈچۈن شام دىيارىغا سەپەر قىلغان، بۇ ھەدىسنى جابىر ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىيالماي قالغان ئىكەن. ئۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ، جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە «مۇشۇ ھەدىسنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەن ئىدىم» دەيدۇ.

(5). "ئەبى ئەييۇب ئەنسارى"دېگەن ساھابە "ئۇقبە بىن ئامىر جۇھەنى" دېگەن ساھابىدىن مۆمىنىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش توغرىسىدا بىر ھەدىسنى تەكىتلەش ئۈچۈن مىسىرغا سەپەر قىلغان(ئىمام زەھەبىنىڭ «كاشىف» ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

## ئۈچىنچى:رىۋايەت قىلغۇچىلارنى تەنقىد قىلىش (تەكشۈرۈش):

توغرا ھەدىسنى كېسەل ھەدىستىن ئايرىش ئۈچۈن رىۋايەتچىلەرنىڭ راستچىل ياكى يالغانچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش؛ رىۋايەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى، تارىخى، تەرجىمىھالى ۋە ئىستىلىنى تەتقىق قىلىش ئىشى ساھابىلار دەۋرىدىلا

خېلى بۇرۇن باشلانغان ئىدى، ئۇلار ئادەملەرگە باھا بېرىشتە مۇجاملە قىلمايدىغان ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى ئەلى بىن مەدىنى دادىسى توغرۇلۇق سورالغاندا:"بۇ دېگەن دىن مەسىلىسى، دادام ئاجىز(يەنى تايانغىلى بولمايدىغانلار قاتارىدىكى) ئادەم" دېگەن.

ھەدىسشۇناس ئالىملار ئىنچىكە تەنقىد (تەكشۈرۈش) ئۆلچىمىدە رىۋايەتچىلەرنى بىر قانچە تۈرگە ئايرىغان. ئۇلارنىڭ قاتارىدا ھەدىسى پەقەتلا قوبۇل قىلىنمايدىغانلار، ھەدىسى قوبۇل قىلىنىشتىن توختاپ قالغانلار ۋە ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدىغانلار بار...

<u>ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدىغانلار:</u>

(1). رەسۇلۇللاھغا يالغان سۆزلەيدىغانلار،

(2). ئومۇمى ھەدىسلەردە يالغاننى توقۇيدىغانلار،

(3). بىدئەتچىلەر،

(4). پاسىقلار،

(5). غاپىللار...دىن ئىبارەت.

<u>ھەدىسى قوبۇل قىلىنىشتىن توختاپ قالغانلار:</u>

(1). ئادالىتى(يەنى دىيانىتى ۋە تەقۋالىقى)ۋە لاياقىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ بار كىشلەر،

( 2). تولا ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشلەر،

(3). ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئازغاشتۇرۇۋىتىدىغانلار،

(4). ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزلار،

(5). كۆپ خاتالىشىدىغانلار ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايىتىگە زىت رىۋايەت قىلىدىغانلار،

(6).ئىشەنچلىك ۋە ئاجىزلارنى پەرقلەندۈرمەي ھەدىس قوبۇل قىلىدىغانلار ...دىن ئىبارەت.

<u>ھەدىسلىرى قوبۇل قىلىنىدىغانلار:</u>

ئادالەت (دىيانەتلىك)خىسلىتى تېپىلىدىغان، پاسىقلىق ۋە ئادىمگەرچىلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن خالى بولغان، يادلاش، ئېسىدە تۇتۇش ۋە رىۋايەت قىلىشتا پۇختىلىقى ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەدىسلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. راۋىنىڭ ئادالىتى(يەنى تەقۋالىقى ۋە دىيانىتى)، يادلاش ۋە ئېسىدە تۇتۇش قابىلىيىتى باھا بېرىشتىكى ئاساستۇر. باھا بېرىش دەرىجىلىرى ئادالەت ۋە ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە قارىتا ئوخشاشمايدۇ.

**تۆتىنچى: ھەدىسنى تۈرگە ئايرىش:**

ئالىملار ھەدىس شەرىپنى تۈرلۈك ئېتىبار ئۆلچەملەر ئارقىلىق بىر قانچە تۈرگە ئايرىشتى:

(1). ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىش يوللىرى ئېتىبارى بىلەن: مۇتەۋاتىر، ئاھاد ۋە مەشھۇر دەپ تۈرگە ئايرىدى.

(2).ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن: "سەھىھ ھەدىس"، باشقا ھەدىسلەر بىلەن "كۈچلەندۈرۈلگەن سەھىھ ھەدىس"، "ھەسەن(ياخشى) ھەدىس"، باشقىسى بىلەن "كۈچلەندۈرۈلگەن ھەسەن ھەدىس" ۋە "ئاجىز ھەدىس" دەپ تۈرگە ئايرىدى.

(3).ھەدىسنى سەنەدىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئېتىبارى بىلەن: مۇئەللەق(يەنى ئىسنادىنىڭ بېشىدىن بىر ياكى بىر قانچە راۋىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى)، مۇرسەل(يەنى ساھابىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى)، مۇنقەتى(يەنى سەنەدىدە ئۈزۈلۈش ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇشى) ۋە مۇئزەل(يەنى ئىسنادىدىن ئىككى ئادەمنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا چۈشۈپ قېلىشى) دەپ تۆرگە ئايرىلىدۇ.

(4). ھەدىسنى سەنەدىنىڭ يېتىپ بېرىش ئېتىبارى بىلەن: مەرفۇ(يەنى رەسۇلۇللاھغا تۇتاشقان ھەدىس)، مەۋقۇف(يەنى ساھابىگە تۇتاشقان ھەدىس)، مەقتۇ(يەنى تابىئىنگە تۇتاشقان ھەدىس) دەپ تۆرگە ئېرىشتى.

**بەشىنچى: ھەدىستىكى ئاجىزلىقنى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشتى:**

* سەنەدىنىڭ ئۈزۈلۈش ئېتىبارى بىلەن ئاجىز دەپ قارالغان ھەدىسلەر.

* پاسىق، نامەلۇم ۋە ئەھۋالى نورمال ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە ئوخشاش "ئادالەت شەرتى"نى يوقاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئاجىز دەپ قارالغان ھەدىس.

* ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، غاپىللىق، ئېسىدە تۇتۇۋېلىشنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كۆپ خاتالىششقا ئوخشاش زابىت(يەنى يادلاپ ئېسىدە تۇتۇش ۋە يېزىپ ساقلاش) شەرتىنىڭ يوقۇلۇش ئېتىبارى بىلەن ئاجىز دەپ قارالغان ھەدىسلەر.

* ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە زىت كېلىشىگە ئوخشاش شۇزۇز(قائىدىنىڭ ئەكسىچە) ئىللەت ئېتىبارى بىلەن ئاجىز دەپ قارالغان ھەدىسلەر.

* سەنەدتە مۇرسەلنى مەۋسۇل قىلىپ قويغان ياكى مەۋقۇفنى مەرفۇ قىلىپ قويغانغا ئوخشاش ئىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى مۇدرەج ھەدىسكە ئوخشاش ھەدىسنىڭ ماددىسىغا سۆز قوشۇلۇپ قالغان ھەدىسلەر.

(6). ئويـدۇرما ھەدىسـلەرنى بىلىش ئۇچۇن بەلگە ۋە قائىدىلەرنى بېكىتىش:

ھەدىسنىڭ ماددىسىدىكى ئويدۇرمىچىلىق ئالامىتى: مەنىسىنىڭ پاسىدلىقى ياكى قۇرئان ۋە ئېنىق سۈننەتكە خىلاپ كېلىشى ياكى تارىخى ھەقىقەتلەرگە زىت كېلىشى ياكى سۆزىنىڭ جانسىزلىقى ياكى مۇتەئەسسىپ راۋىنىڭ مەزھىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى ياكى ساۋاب ۋە جازا ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت.

سەنەدتىكى ئويدۇرمىچىلىق ئالامەتلىرى: راۋىنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ ئېنىق بولىشى ياكى ئۆزى ئېتىراپ قىلىشى ياكى ئۆزى ئۇچرىشىپ باقمىغان ئادەمدىن رىۋايەت قىلىشىدۇر...

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملارنىڭ ھەدىسنىڭ ماددىسى (يەنى تېكىست)غا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئالىملارنىڭ ھەدىسنىڭ ماددىسىغا ئەھمىيەت بېرىشى سەنەدگە ئەھمىيەت بېرىشتىن قېلىشمايدۇ، مانا بۇ پەن ھەدىس ئىلمىدە «رىۋايەت قىلىش ۋە چۈشىنىش»دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇشۇ زور ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى:

1.سۈننەتنىڭ توپلىنىشى: سۈننەت دەسلەپتە "مۇسنەد" ئاندىن "سەھىھ كىتابلار"ئاندىن"سۈنەن كىتابلىرى" ئاندىن"جاۋامى كىتابلىرى" ئاندىن "مائاجىم كىتابلىرى" ئۇسۇلى بويىچە توپلاندى. بۇ ئارقىلىق سۈننەت زايا بولۇپ كېتىشتىن ساقلاندى.

2. مۇستەلەھ ھەدىس(ھەدىس پەنلىرى ئاتالغۇلىرى) ئىلمى پەيدا بولدى: بۇ ئىلىم ئالىملار يالغان ھەدىسنى ئايرىش، سەھىھ ھەدىسنى كېسەل ھەدىستىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن قويغان قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پەن ھەدىسنىڭ

تۈرلىرى، ھەدىسلەردىكى ئىزتىراپ (ئېنىقسىزلىق) ۋە شۇزۇز(قائىدىنىڭ ئەكسىچە بولغان)ئىللەتلىرى، ھەدىسلەرنى رەت قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار، باشقا يۆلەنچۈكى بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدىغان ھەدىسلەر، شۇنداقلا راۋىنىڭ شەرتلىرى، قوبۇل قىلىنىدىغان ھەدىسنىڭ شەرتلىرى، ئاڭلاش شەكلى، نەقىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە ساقلاش يولى، مۇھەددىسنىڭ ئەخلاقلىرى ۋە ئۇندىن باشقا تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3.ھەدىس ئىلىملىرى: بۇ ئىلىمنىڭ تەتقىقاتلىرى ھەدىس سۆزلىگۈچىنىڭ راستچىل ياكى يالغانچىلىقى، مۇسنەدلەرنى بىلىش، مۇرسەل ھەدىسلەرنى بىلىش...ساھابە ۋە تابىئىنلارنى دەرىجىسى بويىچە بىلىش، ھەدىسنىڭ ئۇقۇمىنى بىلىش، ناسىخ-مەنسۇخ، مەشھۇر- غەرىبنى بىلىش، ھەدىسنىڭ ئىللەتلىرىنى بىلىش... پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4.باھالاش ۋە تەنقىد قىلىش ئىلمى: بۇ ئادەملەرنى باھالايدىغان ئىلىم بولۇپ، بۇ ئىلىمدە رىۋايەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىدۇ. ئادەملەرنى باھالايدىغان پەندە 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەملەرنىڭ ئۆلچەملىك ياكى ئۆلچەمسىز ئەھۋالى تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇئىلىم ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسشۇناسلار بۇ ئىلىمنى ھەدىس ئىلمىنىڭ يېرىمى دەپ قارىغان، چۈنكى ھەدىس سەنەد (رىۋايەت قىلغۇچى) ۋە مەتنى(يەنى تېكىست ياكى ماددىسى)دىن تەركىپ تاپىدۇ. شۇڭا ئالىملار تەنقىدچىلىكتە قائىدە ۋە پرىنسىپ بېكىتتى، تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ پەننى ياخشى بىلىشى شەرت قىلىنىدۇ، تەنقىد قىلىش ۋە باھالاشنىڭ ئالتە تۈرلۈك دەرىجىسى بار...

## ھەدىسشۇناسلار ھەدىسلەرنىڭ سەندىنى تەنقىد قىلىپ

## ماددىسىنى تەكشۈرمىگەنمۇ؟

ھەدىسشۇناسلارنىڭ سۈننەتنى قوغداش؛ ئۇنى بۇرمىلاش ۋە ئويدۇرۇپ چىقىشتىن ساقلاشتا تۇتقان پرىنسىپى ناھايىتى توغرا، پاك ۋە ئېنىق بولسىمۇ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەنقىد قىلىش (تەكشۈرۈش، تەنقىدچىلىك، باھالاش) پرىنسىپى توغرىسىدا گۇمان قوزغايدىغان ئادەملەر پەيدا بولدى. شەكلەندۈرگۈچىلەر دەسلەپتە راۋىيلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا شەكلەندۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئۇ پرىنسىپنى ئاقماس پرىنسىپ، شۇڭا ئۇ پرىنسىپنىڭ ھەدىسلەرنى ساقلاش ۋە قوغداشتا پايدىسى يوق دەپ بوھتان قىلىشتى.

شۇنداقلا، ھەدىسشۇناسلار پەقەتلا ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادى(يەنى راۋىيلار ئەھۋالى) نى تەكشۈرۈشكە تايىنىپ، ھەدىسلەرنىڭ ماددىسى ۋە تېكىستلىرىگە سەل قارىغان؛ قىسقىسى ئۇلار سىرتقى تەنقىد(يەنى راۋىيلار ئەھۋالىنى تەنقىد قىلىش)گە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىچكى تەنقىدگە(يەنى ھەدىسنىڭ ماددىسىغا) سەل قارىغان.شۇنىڭ نەتىجىسىدە تەنقىد (تەكشۈرۈش) ۋە رەت قىلىنىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى توغرا دەپ قارالغان، دەپ تۆھمەت چاپلاشتى.

ئەسلىدە بۇ گۇماننى بىر قانچە شەرقشۇناسلار كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن شەرقشۇناس شاخت(Shaeht):«ھەدىسشۇناسلار سەنەد (راۋىيلار ئەھۋالى) نى تەنقىد قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەدىسنىڭ ماددىسى(يەنى تېكىستى)نى تەنقىد قىلىشقا سەل قارىغان» دەيدۇ.

شەرقشۇناس يەھۇدى جولىد زىھىر(Goldziher):«ئىسلامنىڭ سۈننەتنى تەنقىد قىلىشتا قوللانغان پرىنسىپىدا شەكلى تۈيغۇ ئىگىلەپ كەتكەن، شەكلى ئامىللار ھەدىسنى باھالاشتىكى ھۆكۈمنىڭ كەسكىن ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان، ھەدىسلەر پەقەت سىرتقى شەكلى(يەنى سەنەد ئەھۋالى) بىلەن سىنالغان»دېگەن.

شەرقشۇناس«غاستون ۋىيت»(Gaston Wiet) بۇ توغرىدا: «ھەدىسشۇناسلار سۈننەتنى ناھايىتى پۇختا تەتقىق قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى سەنەد، راۋىلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۇچراشقانلىقى ۋە بىر-بىرىسىدىن ئاڭلىغانلىقى بىلەن چەكلىنىپ قالغان... راۋىلار بىزگە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىنى ئېغىزچە يەتكەپ بەردى، ئاندىن ئۇنى ھەدىسشۇناسلار توپلاشتى. بىراق بۇلار مەتنى (ھەدىسنىڭ ماددىسى، تېكىستى)نى تەنقىد قىلمىغان، شۇڭا بىز ھەدىسنىڭ بىزگە رەسۇلۇللاھدىن ئەينەن يەتتىمۇ ياكى بىر نەرسە قوشۇلۇپ قالدىمۇ ئۇنى بىلمەيمىز» دېگەن.

بەك ئەپسۇسكى، شەرقشۇناسلار ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىسنى تەنقىد قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدا قوزغىغان شۈبھىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ غەرەزلىك پرىنسىپلىرىغا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئەگىشىپ كەتتى، ئاخىرىدا بىلەن يالغان گۇمانلارنى ئىلمىي پرىنسىپ دەپ داۋا قىلىشتى.

ئەھمەد ئەمىن«ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:«ئالىملار راۋىلارغا باھا بېرىش قائىدىلىرىنى يولغا قويدى، لېكىن ئۇلار ھەدىسنىڭ مەتنى(يەنى تېكىستى)نى تەنقىد قىلغاندىن بەكرەك ئىسنادنى تەنقىد قىلىشقا بېرىلىپ كەتتى... رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىلگەن نەرسە(يەنى ھەدىس) تارىخى شارائىتلار بىلەن ئۇيغۇنلاشماي قالسا ياكى تارىخى ۋەقەلەر زىت كېلىپ قالسا ياكى ھەدىسنىڭ ئىپادىلىنىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىلىشىگە

ئوخشمايدىغان شەكىلدە پەلسەپە ئىپادىلىشىنىڭ بىر تۈرى بولسا ياكى ھەدىس شەرتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى بىلەن فىقھىغا ئوخشاپ قالسا... بۇنى تەنقىد قىلىدىغان بىرەر ئادەمنى تاپماق تەس».

ئۇ يەنە«ئىسلامنىڭ چاچقا دەۋرى»ناملىق ئەسىرىدە: «ئەمەلىيەتتە ھەدىسشۇناسلار سىرتقى تەنقىد(راۋىلارنىڭ ئەھۋالى)غا تولۇق ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئىچكى تەنقىد(ھەدىسنىڭ ماددىسى، تېكىستى)كە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن» دەيدۇ.

مەھمۇد ئەبۇرەييە:«ھەدىسشۇناسلار ھەدىسنىڭ ماددىسىدا خاتالىق بولسا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇلار:سەنەد سەھىھ بولسا تېكىستى سەھىھ بولىدۇ، دەۋىرىدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىقى بۇ ئىسمى مۇسۇلمانچە ئەقلى غەربچە ئىلمانى شەخسلەرنىڭ شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى ئەينەن ياكى بىر ئاز ئۆزگەرتىپ دەسمايە قىلىپ يۇرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا بۇلار شەرقشۇناسلارنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق.

ھەدىس تەتقىقاتى توغرۇلۇق ئاز تولا خەۋىرى بار ئادەم، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرىنى تەنقىد(تەتقىق) قىلغاندەك، ھەدىسلەرنىڭ ماددىسىنىمۇ تەنقىد(تەتقىق) قىلىشتا كۈچىنى ئاياپ قالمىغانلىقىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسشۇناسلار سەھىھ ھەدىسنى تونۇشتۇرغاندا سەھىھ ھەدىسنىڭ ساغلام بولىشى ئۈچۈن شۇزۇز(رىۋايەتنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە زىت كېلىشى) ۋە ئېغىر ئىللەت (ھەدىسنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن سەۋەب)تىن خالى بولىشى لازىم، دەپ شەرت قويۇشتى. شۇزۇز ۋە ئىللەت سەنەدكە تەسىر يەتكۈزگەندەك ھەدىسنىڭ

ماددىسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ، دەپ قاراشتى. شۇ ۋەجىدىن:«سەنەدنىڭ ساغلام بولىشى ھەدىس ماددىسىنىڭ ساغلام بولىشىنى تەقەززا قىلمايدۇ، بىر ھەدىسنىڭ سەنىدى سەھىھ بولغان بىلەن، مەتنىدە(ماددىسىدا) ئېغىر ئىللەت بولسا ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ياكى بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىشەنچىلىك كىشلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە قارشى ھالدا شاز بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر قائىدىنى قارار قىلىشتى. دېمەك، ئۇلار سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرىنى تەتقىق قىلغاندا ھەدىسنىڭ مەتنىسى (تېكىستى)نى تەتقىق قىلىشقا سەل قارىمىغان.

ئېچكى تەنقىد قىلىش(يەنى ھەدىسنىڭ تېكىستىنى تەتقىق قىلىش) سىرتقى تەنقىد(يەنى سەنەدنى تەنقىد قىلىشتىن)ئىلگىرى باشلىنىپ بولغان. ساھابىلار ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈشتە ئىسنادىدا توختالماي-چۇنكى ئۇلارنىڭ ئادالىتى ۋە راستچىللىقى مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن- مۇشۇ ئۇلچەمنى ئىشلەتكەن. ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سورايدىغان مەسىلە ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەن پىتنىدىن كېيىن باشلانغان.

ھەدىسلەرنىڭ ماددىسى(تېكىستى)نى تەنقىد قىلىشنىڭ ساھابىلار دەۋرىدە باشلىنىپ بولغانلىقىغا مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە «ھەزرىتى ئۆمەر» پاتىمە بىنت قەيسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ ئايالنىڭ ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بويىچە:بۇ ئايالنىڭ يولدىشى ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئىكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا تۇرالغۇ جاي ياكى نەپەقە بەلگىلىمىگەن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر:بىر ئايالنىڭ سۆزىگە قاراپ ئاللاھنىڭ كىتاۋى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى تاشلىمايمىز، بۇ ئايال ئۆزىگە تۇرالغۇ-جاي ۋە خىراجەت بېرىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالىدىمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىمۇ

بىلمەيمىز. ئاللاھ قۇرئاندا:«(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەددىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ»، (تالاق سۈرىسى، 1-ئايەت) دېگەن.

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ھەزرىتى ئائىشە ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ بالىسى ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلىغان، بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ:«مېيىتئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىغلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ»دېگەن. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئاللاھ ھەزرىتى ئۆمەرگە رەھمەت قىلسۇن! رەسۇلۇللاھ مۆمىنلەرنىڭ بىرەر ئادەمنىڭ يىغلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەدىس سۆزلەپ باقمىدى، لېكىن ئۇ:«ئاللاھ كاپىرنىڭ ئازابىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىغلىشى سەۋەبلىك ئاشۇرۇۋېتىدۇ»دېگەنىدى، مانا قۇرئانغا قارىماسىلەر:«ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ»،(فاتىر، 18-ئايەت).

بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت ھەدىسلەرنىڭ ماددىسىنى تەنقىد (تەتقىق)قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرمەس ئاساسلىق پرىنسىپلارغا تەڭلەش (سېلىشتۇرۇش) سەنەدنىڭ تەتقىقاتىدىن ئىلگىرى ساھابىلەر دەۋرىدە بار ئىش ئىدى.

ھەدىسلەرنىڭ سىرتقى تەنقىد قىلىش(يەنى سەنەدلىرىنى تەنقىد قىلىش) ئىچكى (يەنى ھەدىسنىڭ ماددىسىنى) تەنقىد قىلىشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى رىۋايەت قىلغۇچىنى تەكشۈرۈش پەقەتلا ئۇنىڭ ئادالىتى، راستچىللىقى ۋە دىيانىتى بىلەن ئىسپاتلانمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى سىناش لازىم، ئۇنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭ رىۋايىتىنى

باشقا ئىشەنچلىك رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايىتىگە سالغاشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. ھەدىسشۇناس «ئىبنى سالاھ» بۇ توغرىدا :«راۋىنىڭ زابىتلىقى(يەنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ۋە قەغەزگە يېزىپ ساقلاش ئىقتىدارى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ)ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى راۋىلارنىڭ رىۋايىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تونۇلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى ئۇلارنىڭ رىۋايىتىگە ئۇيغۇن بولسا ئۇ ئادەمنىڭ زابىتلىقىنى بىلىمىز، ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ رىۋايىتىگە زىتلىقىنى بىلسەك، ئۇ ئادەمنىڭ زابىتلىقىنىڭ نورماللىسىزلىقىنى بىلىمىز ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ھەدىسى ھۆججەتكە يارىمايدۇ»دېگەن.

شۇڭا ھەدىسنىڭ مەتنىسى (ماددىسىنى)باشقا ھەدىسلەرگە سېلىشتۇرىدىغان يېڭى ئىلىملەر پەيدا بولدى. بۇ ئىلىملەر:مۇدرەج(يەنى ھەدىسكە بىرەر سۆزنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى)، مۇزتەرىب(يەنى راۋىنىڭ بىر سۆز ياكى بىرەر شەخسنى ئىنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى)، مەقلۇب(يەنى ھەدىسنىڭ بېشى ئاخىرىدا ياكى ئاخىرى بېشىدا رىۋايەت قىلىنىشى)، مۇسەھھەف(يەنى سەنەد ياكى سۆزنىڭ ئۆزگىرەپ كېتىشى)، زىيادە سىقات(يەنى ئىشەنچلىك ئادەملەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ تېكىستىدا باشقىلار رىۋايەت قىلغاندىن بىر ياكى بىرقانچە جۈملە سۆزنىڭ ئارتۇق رىۋايەت قىلىنىشى)تىن ئىبارەت.

شۇنداقلا ھەدىسنىڭ ماددىسىدا ئىزدىنىدىغان باشقا ئىلىملەرمۇ پەيدا بولدى، بۇ ئىلىملەر:غەرىب ھەدىس(يەنى ئاجىز ھەدىس)، مۇختەلىف ھەدىس( يەنى مەنىسى بىر بىرىگە زىت ئىككى خىل ھەدىس)، ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبى، ناسىخ-مەنسۇخ، مۇشكۇل(ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزىگە مۇھتاج) ھەدىس، ۋە مۇھكەم

(كۆرسەتمىسى ئىنىق) ھەدىستىن ئىبارەت. بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىسنىڭ ماددىسىنى تەنقىد قىلىش(تەكشۈرۈش) ۋە ماددىسغا ئەھمىيەت بېرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەدىسشۇناسلار ھەدىسنىڭ ماددىسىنى تەكشۈرۈشتە پايدىلانغان ئىشلارنىڭ بىرسى تارىختۇر. شۇڭا ئۇلار راۋىلارنىڭ تارىخىنى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان-ۋاپات بولغان يىللىرى، سەپەرلىرى، ئۇستازلىرى ۋە شاگىرتلىرىنىڭ تارىخىنى تۈزۈپ چىقىشتى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ رىۋايىتىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاش، كىملەر بىلەن كۆرەشكەن ۋە كىملەر بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇستازىمىدىن ئاڭلىدىم، دەپ داۋا قىلىدىغان راۋى ئۇستازىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان بولسا ياكى تارىخقا زىت بىر ئىشنى بايان قىلسا، ئۇنىڭ رىۋايىتى ئېتىبارسىز دەپ قارىلىدۇ.

بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ كۆرەيلى:ھەدىسشۇناس«خەتىب بەغدادى»نىڭ دەۋرده بەزى يەھۇدىلار رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەر يەھۇدىلىرىدىن جىزيە(باج)نى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق بىر ھۆججەتنى كۆرسەتكەن، بۇ ھۆججەتتە ساھابىنىڭ گۇۋاھلىقى بار ئىكەن. شۇڭا دۆلەت ۋەزىرى بۇ ھۆججەتنى ھەدىسشۇناس خەتىب بەغدادىغا كۆرسەتكەندە ئۇ ھۆججەتنى كۆرۈپ:«يالغان ھۆججەت ئىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ۋەزىر ئۇنىڭغا:ھۆججەتنىڭ يالغانلىقىنى قەيەردىن بىلدىڭ؟ دەپ سورىغاندا، خەتىب بەغدادى: ھۆججەتتە مۇئاۋىيەنىڭ گۇۋاھلىقى بار ئىكەن، مۇئاۋىيە خەيبەر ۋەقەسىدىن كېيىن مەككە ئازات بولغان يىلى مۇسۇلمان بولغان، ھەم ئۇنىڭدا سەئىد بىن مۇئازنىڭ گۇۋاھلىقى بار ئىكەن، سەئىد خەيبەر ۋەقەسىدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇنىڭدىن سىرت ھەدىسشۇناسلار ھەدىسنىڭ سەنەدىگە قاراپ تۇرماستىن ھەدىسنىڭ يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئومۇمىي قائىدىلەرنى بېكىتكەن. بۇ ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى ھەدىسنىڭ ماددىسىغا ئالاقىدار، بۇ قائىدىلەر ھەدىسشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە «ئويدۇرمىچىلىق بەلگىلىرى»دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىسنىڭ يالغانلىقىنىڭ بەلگىلىرىدىن: ھەدىسنىڭ قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېنىق زىت كېلىشى ياكى مۇتەۋاتىر سۈننەتكە زىت كېلىشى ياكى كەسكىن ئىجماغا زىت كېلىشى، ھەدىس سۆزىنىڭ ياكى مەنىسىنىڭ سۈپەتسىزلىكى-چۈنكى پاساھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن رەسۇلۇللاھدىن مۇنداق سۆزنىڭ چىقىشى يىراق سانىلىدۇ-، ياكى مۇبالىغلاشتۇرۇۋېتىلىشى ياكى كىچىك ئىشقا چوڭ مۇكاپاتنىڭ بەلگىلىنىشى ياكى قىممىتى يوق ئىشقا بەك ئېغىر جازانىڭ ۋەدە قىلىنىشى، ياكى رېئاللىققا زىت كېلىشى ياكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان چوڭ بىر ئىشنى پەقەت بىر ئادەمنىڭ خەۋەر قىلىشى ياكى تارىخىي ھەقىقەتلەرگە زىت كېلىشى ياكى مۇتەئەسسىپ راۋىنىڭ مەزھىپىگە ئۇيغۇن بولىشى...ۋە ئۇنىدىن باشقا ئويدۇرما ھەدىسنىڭ بەلگىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

رەبى ئىبنى خۇسەيم:«ھەدىسنىڭ قاتارىدا بىر خىل ھەدىسلەر باركى كۈندۈزنىڭ نۇرىغا ئوخشاش نۇرى بولىدۇ، بىز ئۇنى بىلەلەيمىز. ھەدىسنىڭ قاتارىدا بىر خىل ھەدىس باركى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنى بىلەلەيمىز»دېگەن.

ئىبنى جەۋزى:«مۇنكەر(يەنى ئاجىز ئادەمنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسگە قارىشى مەنىدىكى ھەدىس رىۋايەت قىلىشى)ھەدىستىن ئوقۇغۇچىنىڭ تېرىسى تىترەپ كېتىدۇ ۋە كۆپىنچە قەلبى رەت قىلىدۇ»دەيدۇ.

بىر ئالىم:«ھەدىسنىڭ ئەقىلگە زىت، نەقىلگە خىلاپ ئىكەنلىكى ياكى پرىنسىپال ئاساسلارغا زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسەڭ، ئۇ ھەدىسنىڭ ئويدۇرما ھەدىسلىقىنى بىلىپ قالغىن»دەيدۇ.

ھەدىسشۇناس ئالىملار يېزىپ چىققان«ئويدۇرما ھەدىس» كىتابلىرى (20 دانە كىتابتىن ئاشىدۇ)غا قارايدىغان بولساڭ، ئالىملارنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئوبيېكتىپ پرىنسىپ ئىچىدە ھەدىسنىڭ ماددىسىنى تەنقىد قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتە قانچىلىك كۈچ چىقارغانلىقىنى كۆرەلەيسەن. ئالىملارنىڭ بۇ كۈچى ھەر قانداق بىر تەنخور ياكى شەكلەندۈرگىچە كىچىككىنىمۇ پۇرسەت قالدۇرۇپ قويمايدۇ.

مەسىلە شۇنداق تۇرسىمۇ ھەدىسنىڭ ماددىسى سەنەدگە ئوخشاش تېگىشلىك كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەتكە ئېرىشەلمىدى، دېگەن قانداق گەپ؟ ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى ھەقىقەتەن راستتۇر:«كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ»،(رەئدە سۈرىسى،17-ئايەت).

سەھىھ ھەدىس كىتابلىرى، ئاجىز ھەدىس كىتابلىرى، ئويدۇرما ھەدىس كىتابلىرى ۋە باشقا ھەدىس تۈرلىرىدىكى كىتابلار ئالىملارنىڭ ھەدىسلەرنى سەنەد ۋە تېكىست جەھەتتىن قانچىلىك تەتقىق قىلغانلىقىغا پولاتتەك پاكىتتۇر...

## «سۈننەت ئەمەلىي رىئاللىقتا زىت» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۇتۇن بىلەن يىلاننى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان كېچىدە ئوتۇن تەرگۈچىلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاھىللار نادانلىقلىرىنى ئىمانىي ھەقىقەتلىرىگە تاڭىدۇ ۋە ئۇنى ھەقىقەت بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ. ئۇلار سۈننەتكە قارشى كۆرەشلىرىدە بارلىق خىياللىرىنى توپلىشىدۇ ۋە كاسات قاراشلىرىنى بازار تاپىدۇ، دەپ خىيال قىلىشىدۇ.

ئۇلار بۇ شۈبھىسىدە سەھىھ ھەدىسنىڭ بەزىسى ئەمەلىي رىئاللىققا زىت كېلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇ سەھىھ ھەدىسلەر(گەرچە رەسۇلۇللاھ دېگەن بولسۇن ياكى ئۇنىڭغا يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس بولسىمۇ، شۇنداقلا ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن سەنەدى(راۋىلار ئەھۋالى) سەھىھ دەپ قارالسىمۇ) يالغان ھەدىسلەردۇر، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار بۇ شۈبھىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بىر بۆلۈك ھەدىسلىرىدىن ئاساسلىق ئىككى ھەدىسنى بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى ھەدىس:**

رەسۇلۇللاھ:«ئەگەر ئاللاھ بىرەر مىللەتكە ئازاب چۈشۈرسە، ئازاب شۇ مىللەتتىكى ياخشى-يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە تېگىدۇ، ئاندىن ئۇلار دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا تىرىلدۈرىلىدۇ»دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ ھەدىسنى ئۆيدۇرما ھەدىس دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتى، ئۇلارنىڭ نىشانى سۈننەت كىتابلىرى ھەققىدە بولۇپمۇ سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمغا شۈبھە قوزغىماقچى.

ئۇلار بۇ ھەدىسنى ئۆيدۇرما ھەدىس دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا تۆۋەندىكى ئىككى ئىشقا تايانغان:

1. بۇ ھەدىس قۇرئانغا قارىشى!.

2. ئەمەلىيەت ۋە رېئاللىققا زىت!

ئۇلارنىڭ بىرسى:«بۇ ھەدىس قۇرئان كەرىمگە قارىشى بولغاندىن سىرت، بۇ ھەدىسنى ھېس تۇيغۇمۇ رەت قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنىڭ قۇرئانغا زىت كەلگەنلىكىگە بىر قانچە ئايەت پاكىتتۇر، دەيدۇ:

«ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ»(نىسا سۈرىسى،40-ئايەت)

«بىز پەقەت كۆپۈرلۈق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز»(سەبە سۈرىسى،17-ئايەت)

«يۇرت ۋە شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق»،(قەسەس سۈرىسى، 59-ئايەت).

مانا بۇ ئايەتلەر ئىلاھى ئادالەتنى تەكىتلەيدۇ، ئەمما يۇقىرىقى ھەدىس بولسا بۇ ئىلاھى ئادالەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېيىشىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ شۈبھىسى ۋە پاكىتلىرى.

**بۇ شۈبھىگە جاۋاب:**

ئۇلار سەھىھ ھەدىسنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن شاھىد كەلتۈرگەن بۇ ئايەتلەرنى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى قۇلۇپلانغان ھالىتىدە ئوقۇغان. چۈنكى بۇ

ئايەتلەرنىڭ بەزىسى ئاد ۋە سەمۇد مىللىتىگە ئوخشاش يەر يۈزىدىن يىلتىزىدىن يوقۇلۇش ئازابىغا خاس ئايەتلەردۇر. قۇرئان كەرىم ئەرەب مۇشرىكلىرىنى مۇشۇنداق ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ:«بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ-ساپالىق تۇرمۇش كۆچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس، ئۇلار(نىڭ مال-مۈلكى ۋە يۇرتىغا)بىز ۋارىسلىق قىلدۇق»(قەسەس سۈرىسى، 58-ئايەت). ئاندىن: «شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق»،(قەسەس سۈرىسى، 59-ئايەت) دېدى.

بۇ ئايەتلەرنىڭ بەزىسى ئاخىرەتتىكى جازاغا خاس، مەسىلەن ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى:«بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ»(ئىسرا سۈرىسى، 15-ئايەت).

ئاللاھنىڭ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ھېچ بىر ئىنسانغا قەتئىي زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى ئىمان ئاساسىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر ھەدىسمۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. لېكىن سۇننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ يەنە بىر قىسمىدىن كۆز يۇمغان، شۇڭا توغرا يولدىن ئازغان.

ئۇلار ھەدىسنىڭ:«ئەگەر ئاللاھ بىر مىللەتكە ئازاب چۈشۈرۈپ قالسا، بۇ ئازاب ھەممە كىشلەرگە تەڭ يېتىدۇ»دېگەن قىسمىنى كۆرگەن ۋە :«ئاندىن ئۇلار ئەمەللىرىگە قارىتا تىرىلدۈرىلىدۇ»دېگەن قىسمىدىن كۆز يۇمغان. دېمەك، بۇ ھەدىسمۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى قارار قىلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ بىر مىللەتكە غەزەپ قىلىپ قالسا، ئۇلارغا ئومۇمى ياكى خاس ئازاب چۈشۈرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. ھالاك بولغانلارنىڭ قاتارىدا ياخشى كىشىلەرمۇ بار بولىدۇ، چۈنكى ھەممەيلەن دۇنيالىق ئاقىۋەتتە باراۋەر بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاقىۋەت جەھەتتە ئاخىرەتتە ئايرىلىشىدۇ، بىر قىسمى دوزاختىن ئورۇن ئالىدۇ، يەنە بىر قىسمى جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ.

سۈننەت(يەنى ھەدىس شەرىپ) تەبئىي كىرىزىسلاردا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى شېھىتلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇنداقتا سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار مەزكۇر ھەدىستە ئاللاھغا نىسبەت بەرگەن زۇلۇم قېنى؟

بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا:«بۇ ھەدىس قۇرئان بىلەن 100% ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەدىس بىلەن قۇرئان ئارىسىدا قىلچىلىك زىتلىق ھەرگىز تېپىلمايدۇ»دېيەلەيمىز.

چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ، شۇڭا ئاللاھ:«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار»،(ئەنفال، 25-ئايەت).

قۇرئان كەرىم پىتنە(يەنى ئازاب) چۈشۈپ قالسا، پەقەت زالىملارغا چۈشمەيدۇ، بەلكى زالىم، ئادىل، گۇناھكار ۋە تەقۋا ئادەمگىمۇ تېگىدۇ. دەپ ئېنىق ئېيتمىدىمۇ؟

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ سىلەرنىڭ شەيتانىي گۇمانىڭلارچە «بۇخارى»رەسۇلۇللاھغا يالغان سۆزلىگەندەك، بۇ ئايەتمۇ ئاللاھغا يالغان سۆزلىدىمۇ؟

سىلەر ئايەت ۋە ھەدىسكە تەڭ ئىمان ئېيتىشىڭلار ياكى ئۇ ئىككىسىگە تەڭ كاپىر بولۇشۇڭلار كېرەك، چۈنكى ھەر ئىككىلىسى بىر مەنىگە دەلىلدۇر.

ئىلاھى ئادالەتكە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىللىقىغا ئىشىنىش بىر-بىرسىدىن ئايرىلمايدۇ. سىلەر ئەمدى نېمە دەيسىلەر؟.

**بۇ ھەدىس ئەمەلىيەت ۋە رېئاللىققا زىت دېگەن داۋاغا جاۋاب:**

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ئاللاھ ھەر قاچان بىر مىللەتنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ياخشى كىشىلەرنى ئايرىپ قويۇپ، جىنايەتچىلەرنى ھالاك قىلىدۇ، دەپ داۋا قىلىشىدۇ ۋە بۇنى رېئاللىق دەپ جار سېلىشىدۇ! مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تېتىقسىز ۋە قاملاشمىغان سۆزنى ئاڭلاپ باقتىڭلارمۇ؟

نەچچە ئايروپىلانلار ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ پارتلاپ كېتىدۇ ۋە چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ۋە يامان ئادەملەر بولىدۇ، لېكىن ئازاب ئايرۇپىلانغا چىققان ھەممە ئادەمگە ئورتاق كېلىدۇ.

تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرى ھىندۇنىزىيەنىڭ سومەترە ئارىلىدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك سۇ ئاپىتىدە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پاسقىلاشقان بولسىمۇ يەنىلا ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارغا كەلگەن ئازاب ياخشى ئادەملەرنى ئايرىپ قويماي ھەممىگە تەڭ كەلدىغۇ!

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كومېدىيە ئوينىغان بولسا سەپسەتە ۋە مەنىسىز ئىشلاردا چولپانغا ئايلانغان بولاركەن! لېكىن ئۇلار تەلەيسىزلىكىدىن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان كەسپكە بېسىپ كىرىپ زىيان تارتىشتى ۋە قىممىتىنى يوقۇتۇشتى.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

رەسۇلۇللاھ:«مېيىت دەپنە قىلىنسا ئۇنىڭ قېشىغا قارا ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ... ئاندىن زېمىنغا گىرەلەشكىن دەيدۇ، گىرەلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر بىرسىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، قىيامەت كۈنىگىچە ئازابلىنىدۇ» دېگەن (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئۇلار بۇ ھەدىسنى يالغان ئويدۇرما ھەدىس دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقىغا ئىككى سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئۇ ھەدىس قۇرئانغا زىت.

2. ئۇ ھەدىس ئەمەلىي رېئاللىققا زىت.

ئۇلارنىڭ بىرسى:«بۇ ھەدىس يالغان،چۈنكى ئۇ ھېس ۋە رېئاللىققا قارشى كېلىدۇ، نۇرغۇن قەبرىلەرنى ئېچىپ كۆرگەندە، قەبرىنى ئاچقانلار قەبرىلەرنىڭ تاملىرى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قوۋۇرغۇلىرىنىڭ بىر بىرىگە چاپلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكىنىنى كۆرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىم قەبرە ئازابى توغرىلىق ھېچ نەرسە دېمىدى»دەيدۇ.

**بۇ شۇبھىگە جاۋاب:**

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاساسەن قۇرئاندىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارغا ھەدىس شەرىپ بىلەن رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى ئۇلار ھەدىسنى رەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇبھىسىگە يالغۇز قۇرئاندىنلا رەددىيە بېرىمىز.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن ئىلمانىيلار (secularism) نىڭ مەزھەبى ئارىسىدا ئوخشاشلىقلار بار. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەدىسنى رەت قىلىشتا ھېسسى ئەزالىرىغا تايىنىشتى.

بىز ئۇلارغا ئۇلار ئىشىنىدىغان (راستچىل بولسا) قۇرئاندىن ئوخشاش ۋەقەلىك كەلتۈرىمىز، بۇ مىسال ئۇلار رەت قىلغان ھەدىسنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن، ئاللاھ ئەنفال سۈرىسىدە:«پەرىشتىلەر (بەدىر ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا) "دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!" (دەيتتى). بۇ(ئازاب)سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»، (ئەنفال سۈرىسى، 50-51-ئايەتلەر).

پەرىشتىلەرنىڭ ۋاپات بولغان كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ،ئۇلارغا:«دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» دېيىشى،يەنە:«بۇ(ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»دېگەن سۆزى، قەبرىنىڭ ئىگىسىگە گىرەلىشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىنىڭ كىرىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئىشتۇر.

كاپىرلارنىڭ ئائىلىسى(تۇغقانلىرى) ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چاغدىمۇ كاپىرلار ئۆلىۋېرىدۇ، كاپىرلار پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغانلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە دېيەلمەيدۇ. ئەمدى سۈننەتنى ئىنكار

قىلغۇچىلار تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەن كاپىرلاردىن ئۆلارنىڭ:پەرىشتىلەر بىزنىڭ يۈزلىرىمىزگە ئۇردى دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتىمۇ ياكى كۆرۈپتىمۇ؟!

ئەلۋەتتە كۆرمىدى ۋە ئاڭلىمىدى، ئەگەر كاپىرلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلارنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياكى ئۆلارنىڭ ئازابلانغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا دۇنيادا بىرمۇ كاپىر قالماي ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ كېتىدۇ، كۇپۇرلۇق زېمىندىن پۈتۈن يوقىلىدۇ.

سۇننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سىلەر بۇ ۋەقەگە قانداق قارايسىلەر؟ سىلەر ھەدىسنى يالغان دېدىڭلار، ئەمسە ئەنفال سۈرىسىدىكى بۇ ئىككى ئايەتمۇ يالغانمۇ؟

ئەلۋەتتە سىلەر-تۈرلۈك سەۋەبلەردىن- بۇ ئىككى ئايەتنى يالغان دېيەلمەيسىلەر. ئۇنداقتا سىلەر مەزكۇر ھەدىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەھىھ ھەدىسلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشىڭلار لازىم. چۈنكى سىلەر ھەدىستىكى ۋەقەلىككە ئوخشايدىغان ئايەتكە ئىشەندىڭلار! ئەگەر يەنە مەزكۇر سەھىھ ھەدىسكە ئىشەنمەيدىغان بولساڭلار سىلەر تەرسا ۋە ھىيلە-نەيرەڭچى ئادەملەر ئىكەنسىلەر، ھىيلە مىكىر كىمدىن پەيدا بولغان بولسا ئۆز ئىگىسىگە قايتىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىس زىكىر قىلغان ۋەقەلىكلەر-كۆزىمىزگە كۆرۈنمىسىمۇ، قۇلقىمىزغا ئاڭلانمىسىمۇ-سەھىھدۇر. چۈنكى ئۇ دېگەن ئاخىرەتكە ئالاقىدار مېتافىزىكا ئىشلار، ئاخىرەتكە ئالاقىدار ئىشلارغا قۇرئان ياكى سەھىھ سۇننەتتىن سەھىھ خەۋەر كەلسە ئىشىنىش ۋاجىپ بولىدۇ.

سىلەر مانا بۇ ھۆكۈمنى بىلمىگىدىلار، شۇڭا يالغان سۆزنى توقۇپ چىقتىڭلار، ئەمدى ھەقىقەت ئاشكارىلاندى! بۇ ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرەمسىلەر ياكى قەلبىڭلارغا قۇلۇپ سېلىنىپ قالدىمۇ؟!

## «سۈننەت ئەقىلگە زىت» دېگەن شۈبھىغا جاۋاب

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەتتىكى كۆپ ھەدىسلەر ئەقىلگە زىت كېلىدۇ، دېگەن داۋاسىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى- قوزغىغان شۈبھىلىرىدىن سىرت- سۈننەت قۇرۇلمىسىدا چاك پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ شۈبھىلەر كۇچەيسە ۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا مۇقىملاشسا خەلق ئاممىسىنىڭ سۈننەتكە بولغان ئىمانى داۋالغۇيدۇ ۋە سۈننەتكە قارىتا مۇقەددەسلىك تونى يوقىلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

**بۇ شۈبھىگە جاۋاب:**

ئۇلارنىڭ بۇ ئاساسلىق شۈبھىسىدىن مەقسەت سۈننەت(ھەدىس شەرىپ)نى ئىنكار قىلىشتۇر، بۇ شۈبھىدىكى ئالاھىدە مەقسەت رەسۇلۇللاھنىڭ ماددى مۆجىزلىرىنى يالغانغا چىقىرىشتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ماددى مۆجىزلىرى ئىمام بەيھەقىنىڭ بايان قىلىشىچە مىڭ مۆجىزىگە يېتىدۇ.

ئىبنى كەسىر«شامائىل رۇسۇل» ناملىق كىتابىدا كۆپ مۆجىزىلەر ھەققىدە توختالغان، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە«مەسىھنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەنلەرگە توغرا جاۋاب»ناملىق كىتابىدا بۇ توغرىدا خېلى كۆپ توختالغان.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى: رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكىنىڭ يېرىلىشى، مىئراج مۆجىزىسى، بۇراق، رەسۇلۇللاھنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستە پەيغەمبەرلەر بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقى، ئاينىڭ يېرىلىش مۆجىزىسى، ھايۋانلارنىڭ رەسۇلۇللاھغا سۆز قىلىشى، بارماقلىرى ئارىسىدىن

سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، ئازغىنا تاماقنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق كۆپىيىشىگە ئوخشاش بەزى مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىشتى.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، چۈنكى بۇ ماددى مۆجىزىلەر ئەقىلگە زىت كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى رەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك لازىم.

شۇنداقلا ئۇلار بۇ شۇبھە قاتارىغا رەسۇلۇللاھنىڭ غەيبى (مېتافىزىكا) ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىگەن ھەدىسلىرىنى ئىنكار قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە رەسۇلۇللاھنىڭ غەيبى مۆجىزىلەر توغرىسىدا سۆز قىلىشى قۇرئانغا زىت كېلىدۇ.

## سۈننەتنىڭ ئەقىلگە زىت كېلىشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى ئەقىلگە زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

بىرىنچى: مەۋجۇد بولىشى سەۋەبكە باغلىق بولغان ئىش بولۇپ، سەۋەبى تېپىلمىسا ئەقىل ئۇ ئىشنىڭ مەۋجۇد بولىشىنى رەت قىلىدۇ. مەسىلەن، سۇ ئىچمەي ئۇسسىزلىقنىڭ قېنىشى، تاماق يېمەي قورساقنىڭ تويۇشى، ۋاستىسىز ھاۋا بوشلۇقىغا ئۆرلەش، ئوت تەگمەي تۇرۇپ كۆيۈش، ئەر-ئايال يېقىنلاشماي تۇرۇپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاۋازسىز ئاڭلاش، كۆڭۈلدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق ئاشكارىلىمىسىمۇ بىلىش، نەرسىلەرگە قارىماي تۇرۇپ بىلىش...كە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەقىل رەت قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرى ياكى ئىللەتلىرى ئالدىن پەيدا بولمىدى. ئەقىلنىڭ بۇ ئىشلارنى چەكلىشى ياكى يۈز بەرمەيدۇ، دەپ قارىشى نىسبىي مەسىلە.

ئىككىنچى: مەۋجۇتلۇقى سەۋەب ياكى ئىللەتكە باغلىق بولمىغان ئىشلار بولۇپ، ئەقىل بۇ ئىشلارنى مۇتلەق رەت قىلىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. بۇ ئىشلار ئەقلى جەھەتتىن چۈشىنىشلىك ئىشلار ياكى ئەقلى زۆرۈرىيەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، دادىنىڭ مەۋجۇد بولۇشتا بالىسىدىن بۇرۇن پەيدا بولىشى، تارماق نەرسىنىڭ بىر پۈتۈن نەرسىدىن كىچىك بولىشى، بىرنىڭ ئىككىنىڭ يېرىمى ئىكەنلىكى، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقىقا ئوخشاش ئىككى زىت نەرسىنىڭ بىرلىشىپ قېلىشى، مەۋجۇتلۇق ياكى يوقلۇق...قا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەقىل قەتئىي چەكلەيدۇ ۋە رەت قىلىدۇ.

بۇ ئاددى قائىدىگە ئاساسەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى:

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە ئىككىنچى تۈردىكى ئەقلى ھۆكۈمگە زىت كېلىدىغان بىرمۇ مىسال كېلىپ باقمىدى. كىم ئەكسىنى داۋا قىلىپ قالسا دەلىل كەلتۈرسۇن. سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە، سۈننەتتە ئەقلى ھۆكۈمنىڭ ئىككىنچى تۈرگە چۈشىدىغان بىر مىسالنى تېپىپ بېقىشىنى مۇنازىرە ئىلان قىلىمىز. سۈننەتتە ئەقلى ھۆكۈمنىڭ ئىككىنچى تۈرگە چۈشۈپ قالىدىغان ھەدىسىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىرىنچى تۈر يەنى نەتىجە تۈرسىمۇ سەۋەب ياكى ئىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى ياكى مەۋجۇد بولماسلىقىدا سۈننەت ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە بۇ تۈر پەقەت پەيغەمبەرگە «مۆجىزە» بولىدۇ ياكى سالىھ ئەۋلىياغا «كارامەت» بولىدۇ ياكى بەتبەختكە «ئىستىدراج»(تەدرىجى سۆرەپ كېرىش) بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەقلى نەرسىلەردىن تاشقىرى بۇ مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىشى، بۇ مۆجىزىلەر ئارقىلىق ئەقىل ۋە ئىلىم-پەننىڭ مەغرۇرلىقىنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئۇنداق بولمىسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ئەقىل نېمە دېيەلەيدۇ؟ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى ئوت يېقىپ ئۇنى ئوتقا تاشلىدى، لېكىن ئۇ ئوتتا ھېچ نەرسە بولمىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ ئۈچ خىل ۋەزىيەتتىكى مەسىلىسىگە ئەقىل نېمە دېيەلەيدۇ: ئۇ ھاسا بىر قېتىم سېھىرنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغان يىلانغا ئايلاندى، يەنە بىر قېتىم دېڭىزنى بىر ئۇرۇش بىلەنلا 2 پارچىغا بۆلىۋەتتى، يەنە بىر قېتىم تاشنى ئۇرۇش ئارقىلىق 12 بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردى.

ھاسىسى بىلەن بىر قېتىم ئۇرسا سۇ كەتتى، يەنە بىر قېتىم ئۇرسا سۇ كەلدى. سىزنىڭچە بۇگۇنكى كۇنلۇكتە دېڭىزنى 2 گە بۆلۇش ئۇچۇن قانچىلىك تېخنكا ۋە تەييارلىق لازىم؟! ھازىرقى دەۋرىدىكى ئىلغار يەن تېخنىكىلار تاشنى ئۇرۇپ سۇ ئېتىلدۇرۇپ چىقىرالامدۇ؟ ئىلغار يېڭى ئىلمى ۋاستىلەر جىن، قۇش، شامالغا ئوخشاش تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرالامدۇ؟ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا يۈز بەرگەندەك زېمىندىن ئېنېرگىيە ئاقتۇرالامدۇ؟

بارلىق ئىنسانىيەت كۈچلىرى ۋە ئادەمنى ھەيرانلىققا سالىدىغان ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق روھتىن ئايرىلغان بەدەنگە روھنى قايتۇرۇپ كېلەلەمدۇ؟ مانا بۇ مۆجىزە ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق يۈز بەرگەن.

ئەڭ يېڭى قورالالار بىلەن قورالالانغان ئارمىيە بىر يېزىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، ھاۋا بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىنى ئۈستى، ئۈستىنى ئاستى قىلىپ زېمىنغا يەنە بىر قېتىم تاشلىيالامدۇ؟ بۇ ئىلاھى قۇدرەت لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە يۈز بەرگەن ئىدى.

بۇ ئىشلاردىكى ئەقىل قېنى؟ ئەقىل بۇ ئىشلار ئالدىدا تەسلىم بولماي نېمە ئامالى بار؟

بىز سۈننەتنى ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن سورايمىز، ئۇلار سوئالغا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ جاۋاب بېرىپ باقسۇن:

ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى قوللىغان (بىز ئۇزۇراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى زىكىر قىلمىدۇق) ئادەمنى ھەيرانغا سالىدىغان بۇ ۋەقەلەر بىرىنچى تۈردىكى ئەقلى ھۆكۈمگە زىت كېلەمدۇ!

سىلەر بۇ ۋەقەلەرگە ئىشىنەمسىلەر؟ ئەگەر سىلەر بۇ ۋەقەلەرگە ئىشەنسەڭلار ئۇ چاغدا ئەنبىيا، مائىدە، ئال ئىمران... سۈرىلىرىدىكى قىسسە ۋە ۋەقەلەرگە ئوخشاش بۇ مۆجىزىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەدىسلەرگە ئىشىنىشىڭلار لازىم.

ئەگەر سىلەر بۇ ھەدىسلەرگە يەنىلا ئىشەنمەي چىڭ تۇرساڭلار ئۇ چاغدا قۇرئاننى يالغانغا چىقىرىشىڭلار لازىم، چۈنكى قۇرئانمۇ مۇشۇ ھەدىسلەرگە ئوخشاش ئاجايىب قىسسىلەرنى بايان قىلدى. سىلەر نەگە بارساڭلار تۇتۇلۇپ قالىسىلەر، ئەمدى قانداق قىلىسىلەر؟

دېمەك، بۇ شۈبھە باشقا شۈبھىلەرغا ئوخشاش يوقىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ غەرەزلىرى بەربات بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە مۆجىزە ھەدىسلىرىنىڭ كېلىشى سۈننەتنى قايتۇرۇۋېتىشكە ۋە سۈننەتنى يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئەيىب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار قەلبلىرىنى ئېچىپ، قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ، شەيتان بىلەن ۋەسۋەسە ئالاقىسىنى

ئۇزىدىغان بولسا  بۇ مۆجىزە ھەدىسلىرى ئۇلارنى مۇستەھكەم ئىمانغا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېڭىزنى يېرىپ بەرگەن ئاللاھ، پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ئاينى يېرىپ بېرىشتىن ئاجىز كېلەرمۇ؟ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مەلىكە بىلقىسنىڭ ئوردىسىنى يەمەندىن شام(سۈرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن ۋە لىۋان)غا ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچراتماي يۆتكەپ بەرگەن ئاللاھ، پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ قەلبىنى ئېچىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنى ئېلىپ تاشلىشى تەس ئىشمۇ؟ سىلىق تاشتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇلاق ئاقتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ ئاقتۇرۇپ بېرىشى يىراقمۇ؟ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسماندىن تەييار داستىخان چۈشۈرۈپ بەرگەن ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ئۇنىڭ تاماقلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىشى تەسمۇ؟

گەپنى ناھايىتى ئېنىق قىلدۇق، مانا بۇ ئايەت بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قالدى:«ئى مۇھەممەد! «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن»دېگەن، بىز ھەقىقەتەن كۇپپارلار ئۈچۈن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»،(كەھف سۈرىسى، 29-ئايەت).

## «سۈننەت قۇرئانغا زىت»دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

ھازىرقى زاماندىكى «سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار» سۈننەت قۇرئانغا زىت كېلىدۇ، دېگەن شۈبھىنى كۆپ بايان قىلىشىدۇ. سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىغا قارشى شۈبھە قوزغاش ئارقىلىق نىجىس مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن سۈننەت قۇرئانغا قارشى كېلىدۇ، دېگەن شۈبھىنى ھارماي ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار، بۇ شۈبھە ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قانۇنچىلىق مەنبەسى بولغان سۈننەتنى ئۇرۇپ تاشلايدۇ، دەپ خىيال قىلىشىدۇ. قۇرئانغا قارشى تۇرۇش بارلىق مۇسۇلمانلار نەزەرىدە رەت قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا سۈننەت قۇرئانغا زىت دېگەن داۋا بىلەن نېمە ئۈچۈن سۈننەتنى سورۇپ ۋە ئۇرۇپ تاشلىمىسۇن؟! زىندىقلارنىڭ يولىدا ماڭىدىغانلار ئۈچۈن بۇ ئالتۇندەك پۇرسەت ئەمەسمۇ!.

ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ قەلبىدە ئىمان ئېيتمىغان زىندىقلار ئىلگىرى بۇ داۋانى كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇلار بۇ شەيتانىي شۈبھىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يالغان بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن، ئۇ يالغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ:«سىلەرگە مەندىن يەتكەن ھەدىسلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا تەڭلەڭلار، ئەگەر ئۇ نەرسە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنى مەن دېگەن بولىمەن، ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا خىلاپ كەلسە، ئۇنى مەن دېمىگەن بولىمەن» دېگەنمىش.

ھەدىسشۇناس ئالىملار ئۇلارنىڭ ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرگەن بۇ ھەدىسنى يالغان ۋە ئويدۇرما ھەدىس، ئۇ ھەدىسنى زىندىقلار ۋە خاۋارىجلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان، دېگەن. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى ئىمام

ئابدۇراخمان بىن مەھدى بۇ ھەدىسنى ئويدۇرما ھەدىس دەپ باھا بەرگەنلەرنىڭ بىرىدۇر.

بەزى ئالىملار بۇ ئويدۇرما ھەدىسنى توقۇپ چىققان زىندىقلار ۋە خاۋارىجلارنىڭ داۋاسىنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: سىلەرنىڭ بۇ ھەدىسىڭلارنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا تەڭلەپ باقساق، قۇرئانغا زىت كەلدى، چۈنكى بىز قۇرئاندا «رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم سۈننەت قۇرئانغا ئۇيغۇن بولۇش كېرەك، دېگەن ئايەتنى تاپالمىدۇق، بەلكى ئاللاھنىڭ كىتاۋى رەسۇلۇللاھغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا مۇتلەق ئەگىشىشكە بۇيرۇيدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارىشى تۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى تاپتۇق دېگەندى».

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى قارىشىغا ئاساسەن بەزى مەسىلىلەردە تەتبىقاتلىرى (ئەمەلىي مىساللىرى) بار، ئۇلارنىڭ بۇ تەتبىقاتلىرى ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن خالى ئەمەس:

بىرى:ئەگەر ئۇلار دەۋاتقان دەۋالىرىدا راستچىل بولسا نادانلىق.

يەنە بىرى: ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا پۇلغا سېتىش ياكى ئابروي قوغلىشىش ئۈچۈن تەرسالىق ۋە جاھىللىق قىلىشتۇر. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ تەتبىقاتلىرىدىن بىر قانچىنى كەلتۈرىمىز.

(1)

## تويي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنى رەجىم قىلىش مەسىلىسى

ئىسلامنىڭ ئادالىتى بارلىق دۇنيالىق جازالارنىڭ جىنايەتلەرگە مۇناسىپ بولىشىنى تەقەززا قىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم يەڭگىل جىنايەتكە ئېغىر جازا بېكىتمىدى ۋە ئېغىر جىنايەتكە يەڭگىل جازا بەلگىلىمىدى، مانا بۇ ئىسلامدىكى ئومۇمى پرىنسىپ.

بەزىدە جازالانغان جازا ھەقىقىتى ۋە سۈپەتلىرىدە بىر بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا قويۇلغان جازا جىنايەت سادىر بولغان شارائىتقا قارىتا تۈرلۈك بولىدۇ.

بىز بۇنى «زىنا»جىنايىتىدە تويي قىلمىغان ئادەم تەرىپىدىن سادىر بولۇپ قالسا ياكى تويي قىلغان ئادەم تەرىپىدىن سادىر بولۇپ قالسا ئېنىق ئاشكارا كۆرەلەيمىز. ياشلار ھېسسىياتىنى بېسىش ۋە كونترول قىلىشتا بەزىدە ئاجىز كېلىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ شارائىت كۆزدە تۇتۇلۇپ تويي قىلمىغان ياشلىق ھاياتىدا سادىر بولۇپ قالغان زىناغا بېرىلىدىغان جازا يەڭگىلرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بۇ جازانىڭ بەلگىلىمىسىنى يۈز دەررە قىلىپ بېكىتتى:«زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار»،( نۇر سۈرىسى، 2-ئايەت).

ئەمما تويي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغان ئەر ياكى ئايالدىن سادىر بولىدىغان بۇ جىنايەتتە ئۇلارغا ئۆزرە يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ قېشىدا جىنسى ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان جۈپتىلىرى بار. شۇڭا ئىسلام بۇ جىنايەتكە جازاسىنى ئۆلگۈچە تاش ئېتىپ رەجىم قىلىش جازاسىنى بەردى.

بىرىنچى جازا(يەنى يۈز دەررە ئۇرۇش) قۇرئان كەرىمدە مۇقەررەر ۋە ئېنىق.

ئىككىنچى جازا (يەنى رەجىم قىلىش) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ سۆز ۋە ئەمەلىي سۈننىتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

رەسۇلۇللاھ:"... توي قىلمىغان يىگىت بىلەن قىز زىنا قىلىپ قالسا يۈز دەررە ئۇرۇش، توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايال زىنا قىلىپ قالسا يۈز دەررە ۋە رەجىم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ» دېگەن،(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يەنە:«بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى ھالال بولمايدۇ، لېكىن ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرىنى قىلىپ سالسا ھالال بولىدۇ. ئۇلار:توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغۇچى، يولسىز جانغا زامىن بولغۇچى ۋە دىنىدىن يېنىپ مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشى چىققۇچى» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغانلارنى رەجىم قىلغان ۋەقە مەشھۇر، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىككىسى بەكرەك مەشھۇر. رەسۇلۇللاھ «مائىز» ئىسىملىك بىر ئادەم زىنا قىلغانلىقىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەندە ئۇنى ۋە «غامىدىيە»لىك ئايالنى رەجىم قىلغان، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئاندىن كېيىن خەلىپىلەر توي قىلغان زىناخورلارنى رەجىم قىلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭدى، رەجىمنىڭ جازاسىغا ئۇممەت ئالىملىرى بىرلىككە كەلدى. فىقھى كىتابلىرىدىكى«جازا بەلگىلىمىلىرى» دېگەن بابقا قارىغان ئادەم توي قىلغان ئادەمنى رەجىم قىلىشنىڭ ئىسلامدا سۆز ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن مۇقەررەر مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بەزى ئىسلام ئەللىرى بۇ جازانى ھازىرغىچە تەتبىقلاپ كەلمەكتە.

(2)

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار گەرچە بۇ ھەدىسلەر سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا كەلسىمۇ: توي قىلغانلارنى رەجىم قىلىش توغرىلىق كەلگەن ھەدىسلەر يالغان ھەدىسلەر، ئۇ ھەدىسلەرنى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن، رەسۇلۇللاھ بىرەر زىناخورنى رەجىم قىلمىغان، دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ھەدىسلەرگە يالغان ۋە ئويدۇرما ھەدىسلەر دەپ باھا بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ھەدىسلەر قۇرئانغا خىلاپ ۋە زىت. چۈنكى قۇرئان كەرىم زىنانىڭ جازاسىنى يۈز دەررە دەپ بەلگىلىدى، نۇر سۇرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىدە توي قىلغان ئادەم بىلەن توي قىلمىغان ئادەمنى پەرقلەندۈرمىدى، دېيىشىدۇ.

دېمەك، بۇ ھەدىسلەر ۋە ۋەقەلىكلەر قۇرئانغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەدىسلەر باتىل ۋە يالغاندۇر.

**بۇ شۈبھىگە جاۋاب:**

سۈننەت قۇرئانغا زىت دېگەن شۈبھىگە ئىككى نۇقتىدىن جاۋاب بېرىمىز:

**بىرىنچى:** سۈننەت قۇرئانغا زىت دېگەن شۈبھىنىڭ ئۆزىگىلا رەددىيە بېرىمىز، بۇ رەددىيەنى گېپىمىزنىڭ ئاخىردا بايان قىلىمىز.

**ئىككىنچى:** بۇ شۈبھىنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىغا بىر بىرلەپ رەددىيە بېرىمىز، بۇ رەددىيەنى ھازىر باشلايمىز:

ئۇلارنىڭ: توي قىلغان ئادەمنى رەجىم قىلىش توغرىلىق كەلگەن ھەدىسلەر باتىل ۋە يالغان دېگەن سۆزى قۇرئان كەرىمگە خىلاپ ۋە زىت. بۇ سۆز ئىككى تۈرلۈك ئادەمدىن سادىر بولىدۇ:

بىرى:نىيىتى ياخشى،لېكىن قۇرئان ۋە سۈننەتنى بىلمەيدىغان ئادەم.

يەنە بىرى: نىيىتى نىجىس، نىيىتىنىڭ نىجىسلىقىغا نادانلىق قوشۇلغان ئادەم. شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، بۇ ئەمەلىي ۋەقەلەر بىلەن قۇرئان ئارىسىدا زىتلىق يوق، لېكىن زىتلىق نادانلار ۋە تەرسالارنىڭ خىيالىدا بولسا كېرەك.

<u>بۇزغۇنچىلىقنىڭ جىنايەتلىكى:</u>

قۇرئان كەرىم زېمىنىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى بىر قانچە ئورۇندا جىنايەت دەپ قارايدۇ. قۇرئان كەرىم بەقەرە سۈرىسىدە:«ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار»( بەقەرە سۈرىسى، 60-ئايەت)

ئەئراف سۈرىسىدە:«(پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ)يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار»،(ئەئراف سۈرىسى، 56-ئايەت).

قەسەس سۈرىسىدە:«يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن»، (قەسەس سۈرىسى، 77-ئايەت).

## <u>بۇزغۇنچىلارنىڭ جازالىرى:</u>

بۇزۇقچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھاياتلىقتا ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىكەن، كىشىلەر ۋە ئاممىنىڭ ھاياتىغا زىيان سالىدىغان بۇزغۇنچىلىققا مۇناسىپ دۇنيالىق جازا بەلگىلەش ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىن. مانا ئاللاھ:«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك»، (مائىدە سۈرىسى، 33-ئايەت) دېگەن.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ ئومۇمى ۋە خوسۇسىي بىخەتەرلىككە تەسىر يەتكۈزگەن ۋە ئابروينى دەپسەندە قىلغانلىق جىنايىتىگە 4 جازا بېكىتتى.بۇ جىنايەتلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن قارشىلاشقان ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغانلىق جىنايەتلىرى ئىدى.

زىنا قىلىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق:

زىنا ياكى پاھىشە ئادەمگەرچىلىك ۋە شەرەپنى يوقىتىپ تاشلايدىغان ئەخلاقى جىنايەتلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى، شۇڭا ساماۋى دىنلار بۇ جىنايەتنىڭ ئېغىر گۇناھلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

مائىدە ئايىتىدە كەلگەن 4 تۈرلۈك جازاغا تېز نەزەر تاشلايدىغان بولسىڭىز، قۇرئان كەرىم جازانىڭ بىرىنچى تۈرىنى «ئۆلتۈرۈش»دەپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن، زىنا زېمىندىكى بۇزۇقچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق نىڭ ئەڭ ئەسكىسىدۇر.

سۈننەتتە(يەنى ھەدىس شەرىپتە) توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغانلارغا بەلگىلەنگەن رەجىم جازاسى«مائىدە» ئايىتىدە كەلگەن «ئۆلتۈرۈش» جازاسىنىڭ بىر تۈرىدۇر، چۈنكى"زىنا" دېگەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارشىلاشقانلىق ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق تېرىغانلىقتۇر.

دېمەك، قۇرئان ۋە سۈننەت بۇ جازانى بەلگىلەشتە بىر بىرىگە تولۇق ئۇيغۇن. سىزنىڭچە سۈننەتتە كەلگەن بۇ جازانىڭ قۇرئانغا خىلاپ تەرىپى بارمۇ؟

"رەجىم" بىلەن ئۆلتۈرۈش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئارىسىدىكى ئۇيغۇنلۇقتا قاراڭ. رەجىم دېگەن ئۆلگۈچە تاش ئېتىپ ئۆلتۈرۈش دېگەن بولىدۇ، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بەزىسى تېز يەنە بەزىسى ئاستا بولىدۇ. مەزكۇر

ئـايەتتـىكى«قتّـل» دېـگەن سـۆز تەكـرار ۋە ئـارقـمۇ ئارقـا بولۇشـنى ئىپادىلەيدۇ، رەجىم دېگەن سۆز ئۆلگۈچە ئارقمۇ-ئارقا تاش ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا سۈننەت قۇرئانغا زىت كېلىدۇ، دەيدىغانلار نېمە دەيدىكىن؟ بايانىدىرچىلارمۇ سۈننەت قۇرئانغا زىت دېگەن گۇمان بىلەن رەجىمنى رەت قىلىشىدۇ..

(3)

## مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلىش كەتمەيدۇ

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار، قۇرئانغا زىت دەپ قارىغان ھەدىسلەرنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ:«مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلىش يوق» (ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) دېگەن سۆزىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ ھەدىسنىڭ ناھايىتى زور ئورنى بار، لېكىن سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلمەي قالغان. ئۇلار بۇ ھەدىسنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن قارشىلاشتۇرغان:«ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە خىش-ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى»،(بەقەرە سۈرىسى، 180-ئايەت).

ئۇلار ئايەت بىلەن ھەدىسنى بىر-بىرىگە زىت دەپ خىيال قىلىپ قالغان. مەسىلە ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئايەت ئۆلۈپ كېتىدىغاندا ئاتا-ئانا ۋە تۇغقانلارغا ۋەسىيەت قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئاتا-ئانىلار، قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار، پەرزەنتلەر مېيىتنىڭ مىراسخورلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، چۈنكى بۇلار مېيىتنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى. ئەمما ھەدىس شەرىپ مىراسخورلارغا-مەيلى ئۇلار ئاتا ۋە بوۋا بولسۇن ياكى بالا ياكى

نەۋرە بولسۇن- ۋەسسىيەت قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ھەدىسنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدىسنى قۇرئانغا زىت دەپ ھۆكۈم قىلىشتى.

ئۇلار بىر نەرسىنى ئېسىدە تۇتقان بىلەن، نۇرغۇن نەرسىلەردىن غاپىل قالغان. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىنى كۆرۈپ چىقىدىغان بولسا، قۇرئان بىلەن سەھىھ سۈننەتنى سوقۇشتۇرىدىغان مۇنداق خاتالىققا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. ئايەت بىلەن ھەدىس ئارىسىدىكى زىتلىق زاھىرىي(يۈزەكى) زىتلىقتىن ئىبارەت، ئەمما چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغاندا بۇ ئايەت بىلەن مەزكۇر ھەدىس ئارىلىقىدا زىتلىق كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ ئايەت نىسا سۈرىسىدىكى 11-ئايەتتىن باشلانغان مىراس ئايەتلىرىدىن بۇرۇن چۈشكەن. مىراس ئايىتى چۈشۈشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئەركىن ئىدى، مىراس تەقسىم قىلىشتا مۇئەييەن نىزامغا ئەگەشمەيدىغان ئىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى مىراسلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەتتى. شۇڭا بۇ ئايەت چۈشۈپ ئۇلارغا ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەققىنى ئەسلەتتى، ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز قىلدى، ئۇلارغا ۋە يېقىن تۇغقانلارغا مەلۇم مىقداردا مال بۆلۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. مىراس ئايەتلىرى چۈشكەندە ئاللاھ مېيىتنىڭ مال-مۈلكلىرىنى تۇغقانلىرى ۋە ئەر-ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بۆلۈپ بەردى، ئاتا-ئانىلارنىڭ مىراس ئۈلۈشىنى ئۈچتىن بىر ۋە ئالتىدىن بىر قىلىپ بەلگىلەپ بەردى، شۇنداقلا پەرزەنتلەر ۋە قېرىنداشلارنىڭمۇ مىراسلىرىنى بەلگىلىدى.

ئاتا-ئانىلار ۋە يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئۇلىشى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىلار ۋە يېقىن تۇغقانلارنىڭ مىراس ئۇلىشى بىلەن ۋەسىيەت يولى ئارقىلىق كېلىدىغان مال-مۈلكىنى بىرلەشتۈرۈشى زۇلۇم بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئادالەت ۋە ئىنساپنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ:«مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلىش يوق»دېيىشىگە ۋەھيي قىلغان. شۇڭا ۋەسىيەت ئاتا-ئانا مېيىتنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم بولغان چاغدا يولغا قويۇلغان. ئاتا-ئانىلارنىڭ مىراستىكى ئۇلىشى تارقىتىلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلارغا ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

مانا بۇ مەسىلىنىڭ ئۇقۇمى، بۇ چۈشەنچە ئارقىلىق سۈننەتنىڭ قۇرئانغا زىت كېلىش ۋەھىمىسى يوقىلىدۇ، قۇرئان بىلەن سەھىھ سۈننەت ئارىسىدا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن زىتلىقنىڭ مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار قۇرئان-سۈننەتنى، ئىسلامنىڭ قىممەت- قارىشىنى ۋە ئالىي پرىنسىپلىرىنى بىلمەسلىكنى ۋە ئاڭقىرالماسلىقنى سۈننەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ قوللىنىدۇ. مۇشۇنداق نادانلىقلىرى بىلەن ئۈممەت ۋە مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە تۈلكىدەك يىغلايدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۈممەتنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ:«ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ»،(كەھف سۈرىسى، 5-ئايەت).

(4)

## ئۇلارنىڭ خىلاپ دېگەن نۇقتىنى خاتا چۈشىنىشى

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بازار تاپقۇدەك مېلى ياكى تاۋارلىرى يوق، شۇڭا ئۇلار شۈبھە پەيدا قىلىشتىكى ھەر بىر قەدەملىرىدە پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ. ئۇلار يېزىۋاتقان نەرسىلەر ۋە قوزغاۋاتقان شۈبھىلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا بىرمۇ توغرا قاراشنى تاپالمايسىز، چۈنكى ئەگرى ئېقىم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدىيە تۈز ماڭمايدۇ.

ئۇلار سۈننەتنىڭ قۇرئانغا زىت كېلىشى دېگەن شۈبھىسىدە ئاتالمىش خىلاپ ياكى زىتلىقنى خاتا چۈشەنگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. ئۇلار ئۇممەت ئۆلىمالىرى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە چۈشىنىپ كەلگەن قاراشلىرىنىڭ ئەكسىچە بۇ ئۇقۇمنى كېڭەيتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىلاپ ياكى زىت دېگەن ئۇقۇمنى چۈشىنىشتىكى ئەگرىلىكى ئۇلارنى پاتقاققا تىقىپ قويىدى.

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىشى، سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى سۆزلىرى بىلەن تەكرارلىشىدۇر. يەنى قانداقلىكى بىر ھەدىس بولسا شۇنىڭغا قۇرئاندىن سۆز جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايەتنىڭ تېپىلىشى دېمەكتۇر.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ:«ئامانەتنى ئامانەت قويغان ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرگىن»دېگەن ھەدىسى قۇرئان ئۇيغۇن، چۈنكى ئاللاھ: «شۈبھىسىزكى،ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ»، (نىسا سۈرىسى،58-ئايەت)دېگەن.

ئۇنىڭدىن باشقىسى قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمىگەن، خىلاپ كەلگەن بولىدۇ. ئۇلار سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، خىلاپ كېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، نەتىجىدە ئاخىرى يوق خەتەرگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى سۈننەت(يەنى ھەدىس)نىڭ قۇرئانغا سۆز ۋە مەنىلىرى بىلەن تەڭ ئۇيغۇن كېلىشى نادىر ئەھۋال، بۇ قاراشقا ئېسىلىش قۇرئان بىلەن سۈننەت ئارىسىدا چوڭقۇر يوچۇق پەيدا قىلىدۇ.

شۇڭا بۇ قاراش سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئەقىللىق كىشىلەر نەزىرىدە كۆلكىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ تەرسالىرى ئۇ خاتا قاراشلىرىنى قەستەن كۆزلەپ ماڭىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشقا ياردەمچى بولىدۇ.

(5)

## ئۈچ خىل دەرىجىدە سېلىشتۇرۇش

ھەقىقەت(ئەھلى سۈننى)ئالىملىرى سۈننەت بىلەن قۇرئان كەرىم ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئۈچ دەرىجىگە بۆلگەن، ئۇلار:

* سەھىھ ھەدىس.

* ياخشى ھەدىس.

* ئاجىز ھەدىس.

* ئويدۇرما ھەدىس.

ئۈچ دەرىجە:

بىرىنچى دەرىجە:قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلگەن ھەدىسلەر.

ئىككىنچى دەرىجە: قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەدىسلەر.

ئۈچىنچى دەرىجە: قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەم خىلاپمۇ كەلمىگەن ھەدىسلەر.

بىرىنچى دەرىجىنىڭ ھەدىسلىرى: سەنەدى(راۋىلار ئەھۋالى) سەھىھ، مەزمۇنى توغرا بولۇپ قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلگەن سۈننەتتۇر.

ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ھەدىسلىرى: ئۇ قۇرئانغا زىتلىقى ئىسپاتلانغان ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر سۈننەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. بۇ ھەدىسلەرنىڭ رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەدىسلەر شەكسىز «ئويدۇرما ھەدىسلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ھەدىسلىرى:ئۇ قۇرئانغا خىلاپمۇ كەلمىگەن ھەم ئۇيغۇنمۇ كەلمىگەن ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ سەنەدى سەھىھ ۋە ماددىسى ساغلام بولسا، بىرىنچى دەرىجىدىكى ھەدىسلەرگە ئوخشاش. بۇ تۈردىكى ھەدىسلەر ئەمەلىيەتتە سۈننەتنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ«قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەم زىتمۇ كەلمىگەن» دېگەن سۆزى زىت ئىككى نەرسىنى جۇغلىغانلىق ئەمەس، بەلكى قۇرئان سۈكۈت قىلغان ۋە ئۇ توغرىدا ھېچقانداق ھۆكۈم قىلمىغان نەرسە مەقسەتتۇر، بۇ تۈردىكى ھەدىسلەردە قۇرئانغا ئۇيغۇنلۇق ياكى زىتلىق كۆرۈلمەيدۇ.

مەسىلەن،رەسۇلۇللاھنىڭ:«ئەگەر سىلەر مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، مۇئەززىن نېمە دېسە، سىلەرمۇ شۇنداق دەڭلار»دېگەن ھەدىسىدە قۇرئانغا ئۇيغۇنلۇق يوق، چۈنكى قۇرئان كەرىم بۇ سۆزنى بايان قىلمىدى. شۇنداقلا قۇرئانغا قارشىلىقمۇ يوق، چۈنكى قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەزان توۋلىشىنى چەكلىمىدى.

يەنە بىر مىسال،رەسۇلۇللاھنىڭ:«ئاتنىڭ چېكىسىگە ياخشىلىق پۈتۈلگەن» دېگەن ھەدىسىدە قۇرئانغا ئۇيغۇنلۇق ياكى قارشىلىق يوق. چۈنكى قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا سۈكۈت قىلدى، يەنى بىرەر ھۆكۈم بايان قىلمىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ قارارىغا بىرەر خىلاپ ئايەت كەلمىدى.

مانا بۇ قويىاش نۇرىدەك روشەن ھەقىقەت، مۇھەققىق بۈيۈك ئالىملار ھەدىس بىلەن قۇرئان كەرىم ئارىسىدا زىتلىقنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ راستچىل ۋە ئىشەنچىلىك بايانى. راستچىل ۋە ئىشەنچىلىك بايان بايان قىلىنغۇچى(يەنى قۇرئان كەرىم)نىڭ مەقسەتلىرىگە ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ھەدىسلىرى ساناقسىز،چۈنكى بۇ ھەدىسلەر ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا قۇرئان كەرىم مەقسەتلىرى بىلەن ئايلىنىدۇ.

سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار سۈننەت بىلەن قۇرئان كەرىم ئارىسىدىكى خىلاپ (يەنى زىتلىق)نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەندە ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ھەدىسلىرىنى(يەنى قۇرئان كەرىم سۈكۈت قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان ھەدىسلەرنى) يوققا چىقىرىۋېتىشتى ۋە ئۇ ھەدىسلەرنى باتىل دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. چۈنكى بۇ ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قۇرئانغا زىت، خىلاپ ۋە باتىل. شۇڭا بۇلار مەخسۇس سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان ئېتىقاد ۋە ئەھكاملارنى رەت قىلىشىدۇ.

## سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئۇيغۇن كېلىشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ

ئۈممەت ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھدىن سەھىھ سادىر بولغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇنلىقىغا ئىتتىپاق. بۇ ئالىملار سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، دېيىشتى:

1.پىكىر يۈرگۈزۈشكە مۇھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق ئاشكارا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، جازانىنىڭ ھاراملىقى، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئېسىلىش...قا ئوخشاش ھەدىسلەر قۇرئان كەرىمگە قوياش نۇرىدەك ئېنىق ۋە روشەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2. بىر ئاز يوشۇرۇنلىقى بىلەن تەپەككۇر قىلىشقا مۇھتاج بولىدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەدىسلەر. مەسىلەن، سۈننەتتە ئىسپاتلانغان توي قىلغان زىناخورلارنى رەجىم قىلىش ھۆكمى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ جىنايى ئىشلارغا جازا بەلگىلەشتىكى ئومۇمى پرىنسىپلىرى ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تېما يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى.

## ئاساسلىق ئىككى قائىدە:

ئەگەر سەھىھ ھەدىس بىلەن قۇرئان ئايىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ چاغدا قۇرئان كەرىمدە ئومۇمى قائىدە بار، بۇ قائىدە ھەدىسكە ئۇيغۇنلۇق سۈپىتىنى قوشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن زىتلىق سۈپىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

بىرىنچى: ئاللاھنىڭ ئەھزاب سۈرىدىكى سۆزى:«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ(يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر

ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ), كىمكى ئاللاھغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا ، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ»( ئەھزاب سۈرىسى، 36-ئايەت).

ئىككىنچى: ھەشىر سۈرىسىدىكى ئاللاھنىڭ سۆزى:«پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» (ھەشىر سۈرىسى، 7-ئايەت).

مانا بۇ ئىككى قائىدە سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە سۈننەتنى قۇرئانغا زىت كېلىدۇ دەپ داۋا قىلىۋاتقان دەۋر زىندىقلىرى قوزغاۋاتقان شۇبھە ۋە جېدەلگە قارىشى تۇرۇشقا كۇپايە قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇنداق ئادەملەر توغرىسىدا:«كەلگۈسىدە بىر تۈرلۈك ئادەملەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار سىلەر بىلەن قۇرئان مۇتەشابىھاتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جېدەللىشىدۇ، سىلەر ئۇلارنى ھەدىسلەر بىلەن تۇتۇڭلار، چۈنكى سۈننەت ئەھلى ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى ياخشى چۈشىنىدۇ»دېگەن ئىدى.

(6)

## سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىشى قاچان ۋاجىپ بولىدۇ؟

ئۈممەت ئۆلىمالىرى ئىچىدە سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىدا، سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى قائىدە ۋە پرىنسىپلار ئاساسىدا چۈشىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ خىلاپ يوق. قۇرئانغا كەسكىن زىت كەلگەن ھەدىسلەر رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىلىشى توغرا بولمىغان ئويدۇرما ھەدىسلەردۇر. ئۈممەت ئۆلىمالىرى مېتودىنىڭ سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئەمدى ئۇلار بىلەن ئىشارەت قىلىش تېگىشلىك بولغان بىر تارماق مەسىلە قېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلات(يەنى ئىقتىسادى ئەھكاملار) ۋە ئەخلاق ئىشلىرىدا بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان ھەدىسلەردە سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىشى ۋاجىپ. بۇ قاراش ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىچىدە تۆرلۈك تەخەسسۇسلىرى بىلەن بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە، يەنى مۇپەسسىرلەر، ھەدىسشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار ۋە ئەقىدەشۇناسلار ئارىسىدا ئىتتىپاق مەسىلە.

گەپنىڭ خۇلاسىسى:سۈننەتنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن بولىشى ئېتىقادى (ئېتىقادنىڭ ئاساسلىرى) ۋە ئەمەلىي تەكلىپ(يەنى مەسئۇلىيەت)لەردە ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئۇيغۇن كېلىشى(يەنى قۇرئاندا ئاساسىنىڭ تېپىلىشى) ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى سۈننەت قۇرئان كەرىمدە بايانى كەلمىگەن ئەھكاملارنى مۇستەقىل يولغا قويىدۇ، بەزى ئەھكاملارنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتە تەڭ ئاساسى بولىدۇ، بەزى ئەھكاملارنىڭ تەڭ بولمايدۇ. ھەر بىر ھەدىسنىڭ قۇرئاندىن ئاساسى بولىشى شەرت ئەمەس.

مەسىلەن، سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە بىر ئادەم 99 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟دەپ سورىسا، بىرسى: ساڭا تەۋبە قىلىش يولى قالمىدى دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇ ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يۈزنى تولۇقلىغان. يەنە بىر ئادەمدىن تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ دەپ سورىغاندا، ئۇ ئادەم: بار، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ قىسسە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ قىسسىنى بايان قىلغان ھەدىس قۇرئانغا زىت دەپ قارالمايدۇ.

## «ھەدىسلەر ئارىسىدا زىنالىق بار» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب

ئاللاھنىڭ دىنى زىنالىق ۋە قارىمۇ-قارشىلىقتىن قوغدالغانلىقى، شەرىئەتنىڭ زىنالىقتىن پاكلىقى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئېنىق مەسىلە. چۈنكى شەرىئەت سۆزلىرى ۋە ئەھكاملىرى سوقۇشۇپ قالمايدىغان ۋە زىتلىشىپ قالمايدىغان ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن.

شۇڭا ئىسپاتلىنىشى سەھىھ، كۆرسەتمىسى ئوچۇق بولغان ئىككى دەلىل ئارىسىدا-ئىككى دەلىلنى بىرلەشتۈرگىلى ۋە بىر بىرىدىن كۆچلەندۈرگىلى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە-بىر بىرى بىلەن زىتلىشىدىغان ئەھۋال مۇمكىن ئەمەس.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدا زىتلىق بار دېگەن گەپلەر ھەدىس ئىلمىنى بىلمەسلىك(يەنى ئوقۇرمەن سەھىھ ھەدىس بىلەن ئاجىز ھەدىسنى پەرقلەندۈرەلمەي، ئاساسى يوق ھەدىسلەر ئارىسىدا زىتلىق بار دەپ قاراپ قالىدۇ ياكى سەھىھ ھەدىسكە توقۇلما ھەدىسنى زىتلاشتۇرۇپ قويىدۇ) ياكى ھەدىسلەرنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ھەدىسشۇناس ئىمام ئىبنى خۇزەيمە زاھىرىي(يەنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدە زىتلىق ھېس قىلىنغان) ھەدىسلەرنى بىرلەشتۈرگەن مەشھۇر ئالىمدۇر، ئۇ:«بىر-بىرىگە زىت سەھىھ ئىككى ھەدىسنى بىلمەيمەن، كىمنىڭ قېشىدا بىر بىرىگە زىت ئىككى ھەدىس بولسا، مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلسۇن، مەن ئىككى ھەدىس ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بېرەي»دېگەن.

شـــۇڭا شەرقشۇناســـلار ۋە ئۇلارنـــىڭ قـــۇيرۇقلىرى ھەدىســـكە ۋە ھەدىسشۇناســـلارغا چاپلىغـــان تۆھمەتلىرىنـــىڭ بىرســـى رىـــۋايەتلەر (يەنـــى ھەدىسلەر)ئارىسىدا زىتلىق بار دېگەن قۇرۇق گەپتۇر، بۇلار بۇ يالغان داۋاسىنى ھەدىستىن شەكلەندۈرۈشكە يۈزلۈك ۋاستە قىلىۋالغان.

شەرقشۇناس"جوينبل"مۇنداق دەيدۇ:«ھەدىسنىڭ ماددىسى ئەمەلىيەتتە تالاش-تارتىشنىڭ ئاساسىدۇر، كۆپىنچە ھەدىس تېمىسىدىكى ھاۋايى-ھەۋەس داۋاملىق زىتلىقنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئاخىرقى ھۆكۈم(يەنى ھەدىسنىڭ دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلىش) ھەدىسنىڭ قىممىتىنى كۆزلىمىگەن».. بەلكى رىۋايەت يولىنى مەقسەت قىلغان».

شەرقشۇناس "ماكدونالد" ئۆز گۇمانىچە بىر بىرىگە زىت بىر قانچە ھەدىسلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:"بەزى ھەدىسلەرگە قارىساق ئېنىق ھالەتتە مۇھەممەد دىندا جېدەل قىلىشقا رازى بولمايدۇ دەپ بەلگىلىمە بېرىدۇ، لېكىن بەزى ھەدىسلەر مۇھەممەدنى جېدەلگە بەك ئامراق ئىدى، دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئىككى تۈرنىڭ ھەر بىرىدە ئوخشاشلا شەك بار، بەلكىم بىرىنچى تۈرنى ئۆزۈن زاماننىڭزى ئەقلىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىپ، نەقىل ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ھەدىسلەر بىلەن قانائەتلەنگەنلەر توقۇپ چىققان ھەدىسلەر بولسا كېرەك".

ئـۇ يەنە:"ھەدىستە ئويدۇرمىچىلىق يـۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىمۇ قاتتىق زىتلىق كۆرۈلدى. بەزى ھەدىس:«مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى»دەيدۇ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇلارغا باشقا شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقلىرى بولغان ئىلمانىلار ئەگىشىپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرگە قانداق

مۇئامىلە قىلىشتىكى قائىدىلىرىنى بىلمەي ياكى كۆز يۇمۇپ شەرقشۇناسلارنى دوراشتى.

ئەمەلىيەتتە، بەزى ھەدىسلەر ئارىسىدا زاھىرىدا(يەنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدە) زىتلىقنىڭ مەۋجۇد بولىشى يات ئىش ئەمەس، چۈنكى ھەدىسلەر ئىچىدە: ئام(ئومۇمى ھۆكۈم)-خاس(خاس ھۆكۈم)، مۇتلەق(مۇتلەق ھۆكۈم)-مۇقەييەد (دائىرىگە ئېلىنغان ھۆكۈم)، مۇجمەل(ئىخچام بايان قىلىنغان)-مۇپەسسەر(تەپسىلى بايان قىلىنغان)، مەنسۇخ(ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان)-ناسىخ(سابىق ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى)ھەدىسلەر بار. شۇڭا ھەدىسلەر ئىچىدە زاھىرىدە زىتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەدىسنىڭ ئويدۇرما ھەدىس ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى ئەمەس، ھەدىسشۇناس ئالىملار ھەدىسنىڭ ئىختىلاپ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشتى:

1.ساھابە ئىككى قېتىم رىۋايەت قىلغان ئىشنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى شارائىتتا يۈز بەرگەنلىكى. شۇڭا بۇ ساھابە ئاشۇ شارائىتتا كۆرگىنى بويىچە رىۋايەت قىلغان، يەنە بىر ساھابە يەنە بىر شارائىتتا كۆرگىنى بويىچە رىۋايەت قىلغان. مەسىلەن:«ئەۋرەتنى تۇتسا تاھارەت ئېلىش لازىم»، «ئەۋرەتنىڭ سىنىڭ بىر ئەزايىڭغۇ» دېگەن بۇ ئىككى ھەدىسكە قاراڭ.

2. رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئىشنى-قايسىنى قىلسا دۇرۇسلىقىغا ئىشارەت بېرىپ-ئىككى قېتىم قىلغانلىقى. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ۋىتىر نامىزىنى 7رەكەت ئوقۇغان، 9 ۋە 11 رەكئەتمۇ ئوقۇغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرگە ئوخشاش.

3. ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھدىن كۆرگەن بىر ئىشنى رىۋايەت قىلىشتا ئىختىلاپنىڭ يۈز بېرىشى. مەسىلەن،ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج پائالىيىتى

توغرىسىدا "ھەج قىران: ياكى "ھەج مۇفرەد" ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشتا بولغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ساھابىلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ تۈرلۈك بولىشى يوللۇق ئىش، چۈنكى ھەجنىڭ "قىران: ياكى "ھەج مۇفرەد: ياكى "ھەج تەمەتتۇ" دىن ئىبارەت تۈرلىرىدىكى نىيىتىنى كىشلەر كۆرەلمەيدۇ.

4.بىر ساھابە دەسلەپكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن يېڭى بىر ھۆكۈمنى ئاڭلايدۇ، يەنە بىر ساھابە بۇ يېڭى ھۆكۈمنى ئاڭلىماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ھۆكۈمنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مانا بۇ سەۋەبلەردىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار...

شۇنداقتىمۇ ھەدىسشۇناسلار بۇ تۆردىكى ھەدىسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدا زىتلىق كۆرۈلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان قائىدە ۋە پرىنسىپلارنى قويۇشقان. بۇ ئىلىم«مۇختەلەف ھەدىس»(يەنى بىر بىرىگە زىت ھەدىسلار ئىلمى) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئىلىم قەدىرى يۇقىرى ۋە مەنپەئەتى زور بىلىم. ئالىم ۋە فەقىھمۇ بۇ ئىلىمگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىلمى ساھەسى كەڭرى، چۈشەنچىسى يوقىرى ۋە پىكرى ئۆتكۈر ئادەم بولمىسا بۇ ئىلىمدە بىر باشقا چىقالمايدۇ.

مۇشۇ قائىدىلەر ۋە پرىنسىپلار ھەدىسشۇناسلارنىڭ پرىنسىپى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بۇ قائىدىلەرنىڭ ھەدىسنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار. شۇڭا ھەدىس ئىلىملىرى ئىچىدىن شاز (ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە زىت ھەدىس رىۋايەت قىلىشى)، سەھىھ ھەدىس، مۇنكەر (ئاجىز ئادەمنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە زىت ھەدىس رىۋايەت قىلىشى)، مەرۇف(ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ ئاجىز ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە قارىشى ھەدىس رىۋايەت قىلىشى)، ناسىخ-مەنسۇخ،

مۇزتەرىب(يەنى راۋىنىڭ بىر سۆز ياكى بىرەر شەخسنى ئېنىق ئېيادىلەپ بېرەلمەسلىكى)، مۇئەللەل(ئىللەتلىك ھەدىس) تۈرلىرى شاخچىلاندى.

مەسىلەن، قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ھەدىسكە ئاجىز ھەدىس قارشىلىشىپ قالسا، ئاجىز ھەدىس رەت قىلىنىدۇ ۋە «مۇنكەر»دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قوبۇل قىلىنغان ھەدىس «مەرۇف» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما قوبۇل قىلىنىدىغان ھەدىسكە ئىشەنچىلىك راۋىلارنىڭ ھەدىسى قارشىلىشىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىككى ھەدىسنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆرسەتمىسىگە قارايمىز. نەتىجىدە كۆرسەتمىسى ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولسا، قېيىن ھەدىسكە ئىزاھات بېرىلىدۇ ۋە ھەدىسنىڭ قىيىنچىلىقى يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېيىن(يەنە بىرسى بىلەن زىتلىشىپ قالغان) ھەدىس بىلەنمۇ ئەمەل قىلىنىدۇ.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ:«سۇ ئىككى كۇپ مىقداردا بولسا نىجىس بولمايدۇ» دەيدۇ، يەنە:«ئاللاھ سۇنى پاك ياراتتى، ئۇنى ھېچ نەرسە نىجىس قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەمى ياكى رەڭگى ياكى پۇرىقى ئۆزگىرىپ كېتىپ قالسا نىجىس بولىدۇ» دەيدۇ...

بىرىنچى ھەدىسنىڭ زاھىري ئىككى كۇپ مىقداردىكى سۇنىڭ ئۆزگەرسۇن ياكى ئۆزگەرمىسۇن پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ھەدىسنىڭ زاھىري ئىككى كۇپ مىقداردىن كۆپ ياكى ئاز سۇنىڭ-ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا-پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى ھەدىستىكى ئومۇملۇق يەنە بىرسىنى خاسلاشتۇرغان.

يەنە بىر مىسال، رەسۇلۇللاھ:«ساق ھايۋانلارنى كېسەل ھايۋانلارغا قوشماڭلار» دېگەن، يەنە بىر ھەدىستە:«پېسى كېسەلدىن شىردىن قاچقاندەك

قاچقىن»دېگەن ھەدىس بىلەن«يۇقۇملىنىش ۋە شۇملۇنۇش يوق»دېگەن ھەدىسنىڭ ھەر بىرى سەھىھ ھەدىسلەردۇر. ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدىكى زىتلىقنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان.

ھەدىسلەرنىڭ زاھىرىي زىتلىشىپ قالغاندا مۇمكىن بولسا ئىككى ھەدىسنى بىر بىرى بىرلەشتۈرۈش لازىم، بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەر ئىككى ھەدىس بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئىشنىڭ بىرسى بولىدۇ:

بىرىنچىسى: ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ تارىخىغا قارايمىز، چوقۇم ئىككى ھەدىسنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن كېيىن بولىدۇ، ئەگەر ئىككى ھەدىسنىڭ تارىخى ئاشكارىلانسا زىتلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى كېيىنكى ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولىدۇ، ئۇ چاغدا كېيىنكى ھۆكۈم بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى:ئىككى ھەدىسنىڭ بىرىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىغا پاكىت بولمىسا، ئۇ چاغدا ئىككى ھەدىسنى بىر بىرىدىن كۈچلەندۈرۈش يولىنى تۇتىمىز، قايسى كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھەدىس سەھىھ دەپ قارىلىدۇ، يەنە بىرسى "شاز" ياكى "ئىللەتلىك" دەپ قارىلىدۇ ۋە بۇ ھەدىس رەت قىلىنىدۇ.

ئالىملار بىر بىرى بىلەن زاھىرىي زىت كۆرۈنگەن ھەدىسلەرنى كۈچلەندۈرۈش ئامىللىرىغا ۋە تۈرلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنىڭ بارلىق قىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن كۈچلەندۈرۈش ئامىللىرى 100 يولدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئىمام سۇيۇتى"تەدرىب راۋى" ناملىق

كىتابىدا ئاساسلىق يەتتە تۈرنى زىكىر قىلىدۇ: راۋىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا كۈچلەندۈرۈش، نەقىل قىلىنىش يولى، رىۋايەت شەكلى، خەۋەر قىلىش سۆزىگە قارىتا كۈچلەندۈرۈش؛ سىرتقى ئامىل بىلەن كۈچلەندۈرۈش...كە ئوخشاش.

ھەدىسشۇناس ئالىملار بۇ تېمىدا قائىدە ۋە پرىنسىپلارنى قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالمىغان، بەلكى ھەدىسلەرنى بىر بىرلەپ تەتقىق قىلغان، ھەر بىر ھەدىسنى ھەر تەرەپتىن شەرھىلىگەن، بىر بىرى بىلەن زىتلىشىپ قالغان قىيىنچىلىقلارغا جاۋاب بەرگەن. مانا بۇ ئىلىملار ھەدىسلەرنىڭ شەرھى كىتابلىرىدا تېپىلىدۇ، ئۇلار زاھىرىي بىر بىرىگە قارىشى ھەدىسلەر توغرىسىدا قىيىنچىلىقنى يوقىتىپ، توغرا تەرىپىنى بايان قىلىپ، قالايمىقان سۆزلەيدىغانلارغا رەددىيە بېرىپ ئايرىم كىتاب يازغان.

مەسىلەن:

*ئىمام شافىئىينىڭ"ئىختىلاپ ھەدىس"يەنى ھەدىسلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى،

*ئىبنى قۇتەيبىنىڭ"ئىختىلاپلاشقان ھەدىسلەرنىڭ ئىزاھلاش يولى"،

*تاھاۋىنىڭ"مۇشكىل ئاسار"(يەنى ھەدىسلەرنىڭ قىيىنچىلىقى)

* ئەبى بەكرى فوركىنىڭ"مۇشكىل ھەدىس" ناملىق كىتاۋى.

بۇلار ئەينى دەۋرلەردە يېزىلغان كىتابلاردۇر، بۇ دەۋرلەر بۇ تېمىلاردا يېزىلغان كىتابلار ناھايىتى كۆپ.

دېمەك، ھەدىسلەرنىڭ بىر بىرىگە زىت كېلىپ قېلىش تېمىسىنى تەتقىق قىلىش ھەدىسنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە سەھىھ ھەدىس ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرگەن ھەر قانداق شۈبھىلەرنى يوقىتىپ مەسىلىنى داۋالىغان.

## ھەدىسلەردىكى ئۆيدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى

ھەدىس شەرىپتىكى ئۆيدۇرمىچىلىقتىن مەقسەت، دىنى ئىشلاردا سۆز ياساپ رەسۇلۇللاھغا يالغاندىن نىسبەت بېرىش دېمەكتۇر. سۈننەتتە ئۆيدۇرمىچىلىقنىڭ يۈز بەرگىنىنى ھېچ بىر ئالىم ئىنكار قىلمايدۇ.

لېكىن ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئىلگىرىكى بەزىلەر ھەدىسلەردە ئۆيدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى يۈز بەرگەن دەپ مەسىلىنى چوڭايتىپ دۇنيانى توشقۇزۇۋىتىدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىق يەنى ئۈممەتنىڭ رەسۇلۇللاھدىن قالغان مىراسىي توغرىسىدا شۈبھە قوزغاشتۇر. ئۇلار كىشىلەرنىڭ سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىغمۇ ئۆيدۇرما ۋە يالغان ھەدىسلەر كىرىپتۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشىنى ئىرادە قىلىشىدۇ. زىندىقلار بۇ شۈبھىگە كۆپ تايىنىدۇ، چۈنكى ئۈممەت ئۆلىمالىرى ھەدىستە ئۆيدۇرمىچىلىقنىڭ يۈز بەرگىنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىش شۇنداق بولغاندىكەن سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار تۆمۈرنى نېمە ئۈچۈن قىززىقىدا سوقمىسۇن؟ ۋە بۇ شۈبھىگە شۈبھىدىن يەنە بىرنى ئۇلاپ قوزغاپ چىقمىسۇن!...

**بۇ شۈبھىگە جاۋاب:**

ئەگەر ھەدىستىكى ئۆيدۇرمىچىلىق كۆرۈنۈشىدىن ھەدىسشۇناس، تەپسىرشۇناس، قانۇنشۇناس ۋە فۇقاھالار غاپىل قالغان بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى دەۋردىكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كەشىپ قىلىپ چىققان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ شۈبھىنى راۋاجلاندۇرسا ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ سۈننەتنى ئىنكار قىلسا ھەقلىق بولاتتى، ئۇ چاغدا ھېچكىم ئۇلارنىڭ شۈبھىسى ئالدىدا تاقابىل

تۇرالمايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەلەيسىزلىكى ۋە نۇمۇسسىز رەسۋالىقىدىن ئۇممەت ئۆلىمالىرى ھەدىس تـوپلاش ھەركىتـى باشلانغاندىن تارتىپ بـۇ ئاپەتكە(يەنى ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنۈشىگە) دىققەت قىلىپ كەلگەن، ئـۇ ئاپەتنى ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان.

## ئالىملارنىڭ ئويدۇرمىچىلىققا قارىشى تۇرۇشتىكى كۈچلىرى

سەلەپ سالىھلار ھەدىستىكى ئويدۇرمىچىلىق ھەركىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئويدۇرما ھەدىستىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەدىس شەرىپ «تەنقىدچىلىك» ئىلمى بارلىققا كەلدى.

ھەدىس شەرىپتىكى تەنقىدچىلىك ئويدۇرما ھەدىسلەردىن باشقا تۈرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى، ھەدىسشۇناس ئالىملار رەسۇلۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنغان بارلىق ھەدىسلەرنى ئىنچىكە تەنقىدچىلىك ئۆلچىمىگە بويسۇندۇرۇپ ھەدىسلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلدى. شۇڭا ھەدىسلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلەندى:

* سەھىھ ھەدىس
* ياخشى ھەدىس
* ئاجىز ھەدىس

شۇنداقلا سەھىھ ھەدىس بىلەن ياخشى ھەدىسنى رىۋايەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئازلىق ئېتىبارى بىلەن: مۇتەۋاتىر(ئادەتتە يالغان سۆزلەش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ھەر تەبىقىدە ئاز دېگەندە 8 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەملەرنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىس) ۋە ئاھاد(يەنى رىۋايەتچىلەرنىڭ سان جەھەتتىن مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس)دەپ ئىككى تۈرگە بۆلدى.

ئاندىن ئاجىز ھەدىسنى بىر قانچە تۈرگە بۆلدى: مۇرسەل(تابىئىندىن كېيىنكى راۋى چۈشۈپ قالغان ھەدىس)، مەقتۇ (تابىئىدا توختاپ قالغان ھەدىس)، مۇئزەل(سەنەدىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق راۋىلارنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا چۈشۈپ قېلىشى)، مەرفۇ (نىسبەت بېرىلىشى رەسۇلۇللاھقا تۇتاشقان ھەدىس)، غەرىب(بىر راۋى رىۋايەت قىلغان ھەدىس)، شاز (قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ رىۋايىتىگە زىت رىۋايەت قىلىشى)، مۇسنەد (سەنىدى رەسۇلۇللاھقا تۇتۇشۇپ ئۈزۈلۈپ قالمىغان ھەدىس)، مۇتتەسىل (سەنىدى ئۈلىنىپ كەلگەن ھەدىس)، مۇدلەس(سەنەدتىكى ئەيىب ئىللىتى يوشۇرۇلغان ھەدىس)، مەترۇك (سەنىدىدە يالغانچى راۋى بار ھەدىس)، مۇنقەتى (رىۋايەتچىلەر تىزمىسى ئۈزۈلۈپ قالغان)، مۇزتەرىب (بىر بىرىگە زىت رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس)، مۇنكەر(سەنىدىدە كۆپ خاتالىشىدىغان راۋى بار ھەدىس)...

مانا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەدىسشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ھېكمەت ۋە ئىنچىكە تەنقىدچىلىك قائىدىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ!.

## ئويدۇرما (مەۋزۇ) يالغان ھەدىس

ھەدىسشۇناسلار ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنۈشىنى-مەيلى يەھۇدىلار تەرىپىدىن بولسۇن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بولسۇن-قاتتىق تەكشۈردى. يەھۇدىلار توقۇپ چىققان نەرسىلەرگە«ئىسرائىلىيات»دەپ نام قويدى.

يەھۇدىلاردىن باشقىلار توقۇپ چىققان ھەدىسلەرگە مەۋزۇ ھەدىسلەر(يەنى ئويدۇرما ھەدىسلەر)دەپ نام قويدى، ئۇ ئويدۇرما ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم كىتابلارغا جۇغلاشتى ۋە بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئويدۇرما ھەدىس سەۋەبلىرىنى بايان

قىلىشتى. ئويدۇرمىچىلىق سەۋەبلىرى بەزىدە سەنەد (راۋىلار تىزىملىكى)دە يەنە بەزىدە ھەدىسنىڭ ماددىسىدا بولىدۇ، يەنە بەزىدە ھەر ئىككىلىسىدە تەڭ بولىدۇ.

ئەگەر بىر ھەدىسنىڭ رىۋايەتچىلىرى ئادىل 10 راۋىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى تەنە ۋە تەنقىدكە يولۇققان بولسا، بۇ راۋىلارنىڭ ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ھەدىس ئاجىز ياكى ئويدۇرما ھەدىس دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ بىر رىۋايەتچىسى كاززاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئادىل رىۋايەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى شاپائەت قىلالمايدۇ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىشتە قاتتىق ئېھتىيات قىلغانلىقتۇر.

ھەدىسشۇناس ئالىملار ئويدۇرمىچىلىق سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئويدۇرمىچىلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان، ئۇ سەۋەبلەر:

* مىللىتى ياكى يۇرتىغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىش،

* ئىلىم كالام، فىقھى ۋە سىياسى ئېقىملارغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىش،

* شۆھرەتپەرەس مەددالار ۋە خەۋەرچىلەر.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەدىستىكى ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى ھەدىسلەرنى توپلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن پەيدا بولغان، ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ ھەدىسشۇناس ئالىملار بىلەكلىرىنى تۇرۇپ قاتتىق قارىشى تۇرغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە:«الجرح والتعديل» (ئۆلچەملىك ۋە ئۆلچەمسىز)دەپ تۇرگە ئايرىش ئىلمى پەيدا بولغان.

## راۋىلارنى (ئۆلچەملىك ۋە ئۆلچەمسىز)دەپ تۈرگە ئايرىش ئىلمى

ھەدىسشۇناسلار بۇ ئىلىمدە يالغانچىلىق، بىدئەتچىلىك، سەل قاراش، غاپىللىق، ئۇنتۇپ قېلىش، مۇتەئەسسىپلىك قىلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىشتە ھەۋەسكە ئەگىشىشكە ئوخشاش راۋىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان.

«ئادىل»(دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق) دەپ باھا بېرىشتە ئادىل كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بىر بىرلەپ خاتىرىلىگەن. ئادىللىق دېگەن: رىۋايەتچىلەردىكى مۇكەممەللىك سۈپەتلىرىنىڭ ئومۇمى سۈپىتىدۇر.

(ئۆلچەملىك ۋە ئۆلچەمسىز)دەپ تۈرگە ئايرىش ئىلمى بارلىق رىۋايەتچىلەرنىڭ ئىسىملىرى، كۇنىيەتلىرى، لەقەملىرى، ئەخلاق سۈپەتلىرى، ئۇستازلىرى، مىللىتى، تۇغۇلغان يىلى ۋە...ئەھۋاللىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئېنسىكلوپېدىيەدۇر. ئۇ كومپيۇتېرنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاش مەلۇماتلارنى ساقلايدىغان پەندۇر، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ھەدىسكە ئۆزىگە تېگىشلىك ناملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ: مەسىلەن، سەھىھ ھەدىس، ياخشى ھەدىس، ئاجىز ھەدىس ۋە ئويدۇرما ھەدىس دېگەندەك. مانا بۇ پەنلەر بارلىققا كەلگەندە ھازىرقى سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار مەۋجۇدىيەتتە ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى.

بەزى كاززاپلار ۋە ئويدۇرمىچىلار ھەدىسنىڭ مادىسىنى ئويدۇرۇپ چىققاندەك سەنەد (رىۋايەتچىلەر)نى ئويدۇرۇپ چىقىدىغان ئىدى. بەزىدە ئىشەنچىلىك رىۋايەتچىلەرنى تاللاپ ھەدىسنىڭ مادىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىشاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ سۇيقەستى ھەدىسشۇناسلار ۋە ھەدىس

تەنقىدچىلىرىنى ئالدىيالمايتتى.چۈنكى ئۇلار ئويدۇرمىچىلىقنى ھەدىسنىڭ ماددىسى ئارقىلىق بىلگەندەك سەنەد (رىۋايەتچىلەر) ئارقىلىق بىلەلەيتتى. مانا بۇ ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشىنى دەسلەپتىن تارتىپ ھەر جەھەتتىن مۇھاسىرىگە ئالغانلىقتۇر.

**ھەدىسنىڭ مەتنى(ماددىسى)جەھەتتىن ئويدۇرمىچىلىقنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان بەلگىلەر تۆۋەندىكىچە:**

1. سۆز تەركىۋى ياكى سۆزلەرنىڭ ناچارلىقى، چۈنكى سۆزنىڭ مەقسەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان پەيغەمبەردىن ناچار سۆزلەر سادىر بولمايدۇ ياكى گراماتىكا خاتالىقى كۆرۈلمەيدۇ.

2.مۆجىزە خاراكتېرىدىكى ھەدىسلەردىن باشقا ھەدىسلەرنىڭ ھېس ۋە رېئاللىققا زىت كېلىشى. مەسىلەن، نۇھنىڭ كېمىسى بەيتۇللاھنىڭ ئۇستىدە يەتتە كۈن لەيلىگەن، دېگەن ھەدىس يالغان ھەدىستۇر.

3.ئەقىلنىڭ (مۇتلەق ئەقىلگە ئەمەس بەلكى) زۆرۈرىيەتلىرىگە زىت كېلىشى. سەھىھ مۆجىزە ھەدىسلەر ئەقىلنىڭ تونۇشلۇق قانۇنىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ھادىسىلەردۇر. چۈنكى مۆجىزە «ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بېرىدىغان ئىشتۇر».

4. كەسكىن تارىخى ھەقىقەتلەرگە زىت كېلىشى. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى يەھۇدىلارغا جىزيە(باج)نى بېكىتكەن دېگەنگە ئوخشاش، چۈنكى باج خەيبەر ئۇرۇشىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان.

5. ھەدىس ھاۋايى-ھەۋەسكە مۇتەئەسسىپ راۋىنىڭ ھەۋەسكە ئۇيغۇن كېلىپ قالسا، بۇ ھەدىسمۇ مەزمۇن جەھەتتىن ئويدۇرما ھەدىستۇر.

6. كىچىك ئىتائەتكە تاغدەك ساۋابنىڭ بەلگىلىنىشى ياكى كىچىك گۇناھغا ئېغىر جازانىڭ بېكىتىلىشىمۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن يالغانلىقىغا بەلگىدۇر.

## سەنەدتىكى ئويدۇرمىچىلىق بەلگىلىرى:

سەنەد(رىۋايەت قىلغۇچىلار تىزمىسى)تىكى ئويدۇرمىچىلىق بەلگىلىرى كۆپ، ئۇنىڭ مەشھۇرلىرى:

1. رىۋايەت قىلغۇچى يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر بولسا، ئۇنىڭ ھەدىسى يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ھەدىس باشقا يوللار بىلەن ئىشەنچىلىك راۋىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنماسلىقى شەرت. ئەگەر بۇ ھەدىس ئىشەنچىلىك باشقا رىۋايەتچىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنسا، ھەدىس سەھىھ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئۇ چاغدا يالغان يول بىلەن يېتىپ كەلگەن ھەدىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يولى يالغان دەپ قارىلىدۇ.

2.رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى. مەسىلەن، نوھ بىن ئەبى مەريەم كىشىلەرنى قۇرئانغا جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

3. رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ رىۋايەت قىلغان شەيخى بىلەن ئۇچراشمىغانلىقى ياكى ئۇچرىشىش تارىخىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ياكى كېيىن تۇغۇلغانلىقى ئىسپاتلانسا، بۇ سەنەدمۇ يالغان بولىدۇ.

4. راۋىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس بىر نەرسىنى راۋاجلاندۇرۋاتقانلىقى چۈشىنىلىپ قالسا، بۇ سەنەدمۇ يالغان بولىدۇ.

دېمەك، سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھەدىستە ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى مەۋجۇد، دېگەن شۇبھىسىنىڭ پەقەتلا قىممىتى يوق. بۇ ئاللىبۇرۇن يەكسان بولغان شۇبھىدۇر، چۈنكى ئويدۇرمىچىلىقنى ئالىملار ھىجرىيە سەككىزىنچى ئەسىردىن بۇرۇن پاك-پاكىز تازىلاپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزگە ھەدىستىكى مەزمۇن ۋە سەنەدتىكى ئويدۇرمىچىلىق بەلگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە بۇ تېمىلاردا بىر قانچە ئەسەرلەرنى يازغان.

مەسىلەن:

* ئىبنى جەۋزىنىڭ" ئويدۇرما ھەدىسلەر"ناملىق 3 توم كىتاۋى،

*شەۋكانىنىڭ"ئويدۇرما ھەدىسلەردىن توپلانغان پايدىلار"ناملىق كىتاۋى

*كەتتانىنىڭ"ئىسىل شەرىئەتنى ئويدۇرما ھەدىسلەردىن تازىلاش" ناملىق 2 توم كىتاۋى،

*جالالىدىن سۇيۇتىنىڭ"ئويدۇرما ھەدىسلەردىكى ساختىا مارجانلار" ناملىق 2 توم كىتاۋى.

ئۇندىن باشقا بۇ تېمىدا يېزىلغان كىتابلار 20 دىن ئاشىدۇ.

## مۇندەرىجە


1.مۇقەددىمە ئورنىدا.........................................................................4

## بىرىنچى باب

2.ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ھەدىس..............................6

3.سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە ھۆكۈم بەلگىلەشتىكى رولى..........14

4.سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكى ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم بەلگىلەش سالاھىيىتى.....20

5.سۈننەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟.................................................33

6.ھۆكۈم بەلگىلەيدىغان سۈننەتلەر ۋە بەلگىلىمەيدىغان سۈننەتلەر(1)..........59

7.ھۆكۈم بەلگىلەيدىغان سۈننەتلەر ۋە بەلگىلىمەيدىغان سۈننەتلەر(2) ......... 76

## ئىككىنچى باب

8.سۈننەتكە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇملار.......................................................88

9.سۈننەت(ھەدىس) ۋەھيي ئەمەسمۇ؟..................................................100

10.سۈننەتنىڭ مەنبەسى خاتالىقتىن خالى ئەمەس دېگەن شۈبھە..............105

11.«سۈننەت مۇستەقىل قانۇن چىقىرالمايدۇ» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب.........113

12.«سۈننەتنى ئالماي قۇرئان بىلەن كۇپايىلەنگۈچىلەر»نىڭ شۈبھىسى.......117

13.« بۇخارى ۋە مۇسلىم تەنقىدتىن خالى بولالمىدى»دېگەن شۈبھە............127

14.نېمە ئۈچۈن بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ھۇجۇم قىلىنىدۇ؟..........................133

15.نېمە ئۈچۈن ئاللاھ سۈننەتنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلمىغان؟ ............141

16.ھەدىس ئالىملىرى نەزىرىدە سۈننەتنى تەتقىق قىلىش پرىنسىپى...........150

17.ھەدىسنىڭ سەنىدىنى تەنقىد قىلىپ ماددىسىنى تەكشۈرمىگەنمۇ؟........160

18.«سۈننەت ئەمەلىي رېئاللىققا زىت» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب..................169

19.«سۈننەت ئەقىلگە زىت» دېگەن شۈبھىغا جاۋاب..................................176

20.«سۈننەت قۇرئانغا زىت»دېگەن شۈبھىگە جاۋاب..................................183

21.«ھەدىسلەر ئارىسىدا زىتلىق بار» دېگەن شۈبھىگە جاۋاب........................200

22.ھەدىسلەردىكى ئويدۇرمىچىلىق كۆرۈنىشى......................................... 207